سەبىھە ئاتەش ئالپات

# ئازغۇن ھېسلار
رومان

تەرجىمە قىلغۇچى: دىلدار

**Avrasya Araştırma Eğitim ve Sosyal Hizmet Vakfı**
Nuri paşa Mh 10. Sok No: 11 /1
Zeytinburnu/İstanbul-Türkiye
Tel: (0090212) 6642639

Mayıs 2009

Baskı-Cilt
Bayrak Matbaası
Davutpaşa cad. No:14/2
Topkapi-İstanbul
Tel:0(212)-493 11 06
Fax:0(212)-4931107

# مۇئەللىپتىن

ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمغا چىن قەلبىمدىن ئاللاھنىڭ سالامى بىلەن سالام يوللايمەن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سىلەرگە سالام يوللاش پۇرسىتى بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىش بىلەن بىرگە، بۇنىڭغا ۋەسىلە بولغان، كىتابنى تەرجىمە قىلغان ۋە نەشر قىلدۇرۇشقا ئەجىر سىڭدۈرگەن كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.

قەدىرلىك ئوقۇرمەنلەر!

«ئوقۇ» ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا نازىل قىلغان تۇنجى پەرمانىدۇر. ئوقۇماق - بىر ئەسەرنى شۇنداقلا ئوقۇپ قويۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ۋە ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش دېمەكتۇر. ھاياتنى توغرا تونۇشنىڭ بىردىنبىر يولى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇشتىن ئىبارەتتۇر. سىز ئوقۇغان ھەرقانداق بىر كىتاب ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشىڭىزگە ۋەسىلە بولۇشى كېرەك. قولىڭىزدىكى كىتابىمىزنىڭ بۇ ھەقتە سىزگە پايدىلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىش بىلەن بىرگە، ئاللاھتىن سىلەرگە سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

ھۆرمەت بىلەن: سەبىھە

غەزەپتىن قوۋۇقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ئارىق ئەپەندى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، تاماكا تۇتقان قوللىرى ئاچچىقتىن تىترەيتتى. ئۇ دەردىنى ئايالى مەريەم خانىمدىن ئالماقچى بولغاندەك توۋۇقسىزلا ۋارقىرىدى:

ــ ماڭا بىر چىنە سۇ بەر!

مەريەم خانىم دەرھال ئاشخانىغا ماڭدى. ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قىزى ئايشەن شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇ قىزىغا دوق قىلىپ:

ــ داداڭ بىلىپ قالسا ئىشىڭ چاتاق دېسەم پەرۋا قىلمىغان ئىدىڭ، مانا دېگىنىمدەك بولدىمۇ؟

ــ نېمە بوپتۇ...

ئانا قىزىنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ بولدى، بولدى، داداڭ ئۈنۈڭنى ئاڭلىمىسۇن!

مەريەم سۇنى ئېرىگە سۇنۇۋېتىپ:

ــ ئال بېگىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئاچچىقىڭنى بېسۋال، ــ دېدى.

ــ قىزىڭنىڭ قىلغان ئىشىنى كۆردۈڭمۇ، قانداقمۇ ئاچچىقلانماي تۇرالايمەن؟!

ــ قىزىمىز تېخى ياش، نادان، بەلكىم ياشلىق قىلغاندۇ، ئەمما ئۇ خەقنىڭ قىزلىرىدەك...

ئارىق ۋارقىرىدى:

ــ ئاغزىڭنى يۇم! ئۇنى ئاقلايمەن دېمە، قىزىڭغا دە، ئۇنداق ئادەملەرگە بېرىدىغان قىزىم يوق. مەن كۆيدۈم - پىشتىم دېگەنلەرنى

بىلمەيـمەن، ئۇقتۇڭمـۇ؟ مەن تېخـى خەقنىـڭ قىزلىرىنـى ئەيـىبلەپ يۈرسەم، قىزىمنىـڭ مەنـدىن يوشـۇرۇنچە مۇھەببەتلىشـىپ يـۈرگىنىنى قارا!

ــ گۆدەكلىك قىلغاندۇ بېگىم.

ــ گۆدەكلىك؟ مەن ئـۇنى نـېمە ئۈمىـدلەر بىـلەن ئوقۇتتـۇم، ھە؟ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىشەنگەن ئىـدىم، ئىسـىت! قوشـنىمىز نۇرىـددىن ئەپەندى ماڭا: «قوشـنام، قىزىڭغـا ئىشەنسـەڭمۇ ئەممـا ئەتـراپ يامـان، قىزنىـــڭ بـــۆرىلەرگە يەم بولـــۇپ كەتمىســـۇن يەنە» دېســـە پەرۋا قىلماپتىمەن، ــ دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى.

ئەسـلىدە ئىشـنىڭ جەريـانى مۇنـداق ئىـدى: بىـر ئىـش ئۈچـۈن رايونلـۇق ھۆكـۈمەتكە ماڭغـان ئـارىپ ئەپەنـدى باغچىـدىن ئۆتـۈپ كېتىۋېتىپ، قىزىنىڭ بىر يىگىت بىـلەن قـول تۇتۇشـۇپ تۇرغـانلىقىنى كۆرۈپ بېشىدىن بىر چېلەك سـۇ قۇيۇۋەتكەنـدەك شـۈركىنىپ كەتتـى. ئېنىقكـى، قىـزى مەكـتەپكە بارمىغانـىدى. دادىسـىنىڭ خـۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يېنىدا پەيدا بولغانلىقىنى كـۆرگەن ئايشـەن ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشـنى بىلـمەي قالـدى. ئـارىپ ئەپەنـدى شـۇ يەردىلا قىزىنى بىر كاچات سالدى ۋە ئۇدۇل ئۆيگە ياندۇرۇپ كەلدى.

بۇ ۋەقە مەريەم خانىمنى تولىمۇ ئەندىشىگە سالدى، چـۈنكى ئېـرى بـۇ سـەۋەپتىن ئايشـەننى مەكتەپـتىن چىقىرىۋېلىشـى مـۇمكىن ئىـدى. ئەمما ئۇ قىزىنىـڭ ئوقـۇپ بىلىملىـك ئـادەم بولۇشـىنى ئـارزۇ قىلاتتـى.

ھەممىدىن مۇھىمى قىزى چوقۇم مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دىپلومنى ئېلىشى كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا ئاچچىقى خېلىلا يېنىپ قالغان ئارىق، ئايالىغا:

ــ توغرا، بىز بىر يەردە خاتالىشىپتىمىز، ئەمما قەيەردە؟ ھەممە گۇناھ مەندە. شۇڭا بۇ ئىشنى ھەل قىلىش يەنە ماڭا قالغان ئوخشايدۇ، مېنىڭچە قىزىمىز ئالدى بىلەن ئوقۇشىنى پۈتتۈرۈۋالسۇن، ئوقۇغان ئادەم يەردە قالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ كەلگۈسىدە ئېرىنىڭ قولىغا قاراپ قېلىشىنى خالىمايمەن.

باياتىن بېرى بىر بۇلۇڭدا ئۈن - تىنسىز تەسۋى سېرىپ ئولتۇرغان ئارىقنىڭ ئانىسى جەملە موماي گەپكە ئارىلاشتى:

ــ ئوغلۇم، مەن ساڭا شۇنچە دېدىم بولمىسا. قارىغىنە، مۇشۇ كۈنلەردە خوتۇنلار كوچا ــ كويلاردا ئەركىن - ئازادە يۈرۈشكە باشلىۋېدى، ۋاقتىنى قەھۋەخانىلاردا ئۆتكۈزىدىغان ئەرلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئىشلەيمەن دەپ خەقنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرگەن خوتۇن ــ قىزلار، ئۆزىنىڭ ئەرلىرىنى، دادىلىرىنى كۈتۈشتىن باش تارتىدىغان بولۇۋالدى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇ.

ئوغلى قوپاللىق بىلەن:

ــ كوتۇلدىمىغىنە ئاپا، ــ دەپ ئانىسىنى جىملىدى.

ــ مەنمۇ سىلەرنى يامان بولسۇن دەمدىم؟ كۆيۈنگەنلىكىمدىن بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن، - دەپ جاۋاپ بەردى ئانىسى.

— بىلىمەن ئاپا، بىلىمەن، كەچۈرگىن، شۇ تاپتا كەيپىياتىم پەقەت ياخشى ئەمەس، — دېدى ئارىق.

— ئوغلۇم، مەنغۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، شۇنداقتىمۇ مەنچە...

ئۇ تېخى گېپىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا، مەريەم خانىم قېينئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— مەنچە نېمە؟ ئاپا، سىزمۇ پۇرسەت تاپسىڭىزلا ئارىغا كىرىدىكەنسىز.

موماي جىمىپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ئارىق خوتۇنىغا:

— ئاۋۋال گېپىنى بىر ئاڭلاپ باقمامسەن، — دېدى ۋە ئانىسىغا قاراپ:

— قېنى سۆزلە ئاپا، قۇلىقىم سەندە، - دېۋىدى، جەملە موماي باشقىدىن جانلىنىپ:

— ئوغلۇم، بايىقى نىيىتىڭدىن يانغىن، ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى، — دېدى.

ئاشخانىدا مومىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان ئايشەن ئۆز - ئۆزىگە:

— گىرانىت كاللا. يەنە ئالجىغىلى تۇردى، - دەپ غودۇڭشىدى.

دەل شۇ چاغدا يەنە مەريەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ سىپايىلىق بىلەن:

— ئۇنداق دېمە ئاپا. قىزىم ئوقۇپ ئۆز جېنىنى جان ئېتەلەيدىغان بولسۇن، كېيىنچە خەققە موھتاج بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى.

— ئوقۇشنىغۇ ئوقۇسۇن، ئەمما بۇنىڭ بىلەنلا يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىغا بىر نېمە دېمەك تەس. بۇرۇن مەدرىسلەردە ھەم ئىلىم ھەم ئەخلاق ئۆگىنەتتى. لېكىن ھازىرقى باللار مەكتەپتە ئوقۇغانسېرى بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. قارا، ئاۋۇ ئوغلۇڭ يۈنۈسنىڭ ئەھۋالىمۇ ئايشەندىن قېلىشمايدۇ. بۇ باللار ئوقۇپ دىپلوم ئالسىلا كۇپايە قىلمايدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئادەم بولماق، - دېدى جەمىلە موماي.

مەريەم قايىل بولماي:

— ئادەم بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز؟ - دەپ سورىدى.

— نەدىن بىلسەن دېگەن قانداق گەپ؟ ئوپئوچۇق تۇرمامدۇ، باللارنىڭ قەلبىگە ئاللاھ سۆيگۈسىنى سىڭدۈرمىگەن بۇنداق مائارىپ قانداق ئادەم يېتىشتۈرەلەيدى؟ دىپلومنى كۆتۈرۈۋېلىپ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر ئازمۇ؟ - دېدى.

— ئانام توغرا دەيدۇ، - دېدى ئارىف.

ئايشەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانسېرى ئەندىشىگە چۈشتى، بۇندىن كېيىن مەكتەپكە بارالماسلىق قورقۇنچى قەلبىنى چىرمىۋالدى.

مەريەم خانىم:

— سەن ئاپامنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالما بېگىم، ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس. تەربىيە بېرىپ، بۇندىن كېيىن قاتتىق تۇتىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ قويايلى.

جەمىلە مومىاي بۇلارنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى پەقەت چۈشەنەلمىدى. سۆزلىرىنىڭ قىلچە تەسىر قىلمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنە ئاخىرقى قېتىم نەسىھەت قىلىپ باقماقچى بولدى:

ــ ئاھ ، قىزىم، ئاھ! بىزگە زادى نېمە بولدى؟ بىلمىدىم، ھېچ بىلمىدىم. ھەممە نەرسىمىزنى يوقاتتۇق، قېنى بىزدىكى ئېتىقاد؟ قېنى بىزدىكى ئىپپەت، ئار - نومۇس تۇيغۇسى؟ بۇرۇنلاردا بۇنداق ئەدەپسىزلىكلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىرەرسى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان خوتۇن ياكى قىزىمىزغا قىيا بېقىپ قويسىمۇ، بۇنى ئىپپىتىمىزگە قىلىنغان ھاقارەت دەپ بىلەتتۇق. ئەمدىچۇ؟ بىزنىڭ ئەقلىمىز نەگە كەتتى؟

ئاڭلاۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان مەريەم خانىم زەردە بىلەن:

ــ ھە، ئەمدى بىز نومۇسسىز بولۇپ قالدۇقمۇ؟! ــ دېدى.

ئايشەن بولسا ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىچە مومىسىنىڭ سۆزلىرىگە رەددىيە بېرىۋاتاتتى:

ــ ئالجىغان قېرى، ئۆزۈڭنى كىم چاغلاپ قالدىڭ؟ بۇ سۆزلىرىڭ بىلەن دادامنى قايمۇقتۇرۇپ باق قېنى، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن!

شۇ ئەسنادا يەنە مومىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ توۋا دە قىزىم، سىلەرنى نومۇسسىز دېسەم ئۆزۈمنى ھاقارەتلىگەن بولمامدىم؟ مەن سىلەردىن ئەمەس، بۇلغانغان ئېتىقادتىن ئاغرىنىۋاتىمەن. بىز بولساقمۇ بۇ پاتقاقتا چۆشمەيلى دەۋاتىمەن. رەھمەتلىك قېيىنئاتاڭ ھەردائىم: «خانىم، بۇ ئىشلار

ھەرگىز ياخشىلىقتىن بىشارەت بەرمەيدۇ. قارىغىنە، چەكلەنمىگەن نەرسە قالمىدى، بۇنداق كېتىۋەرسە بارا ــ بارا بۇ مىللەتنىڭ سەزگۈلىرى ئۆلۈپ، بىخۇتلىشىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن»، دەيتتى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى كېلىۋاتىدۇ، ــ ئۇ بىردەم توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ نېمىلا قىلسا ئۇنىمىزنى چىقارمىدۇق، ھەمىشە بېشىمىزنى ئىچىگە تىقىپ، قورقۇپلا يۈردۇق. مەردانىلىك بىلەن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چۈشىدىغان بىرسى چىقمىدى.

ئارىق ئانىسىنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ ئاپا، سەن مۇشۇ تۈزۈملەر بىلەن چىقىشالمايلا ئۆتۈپ كەتتىڭ. نېمە بوپتۇ؟ ئەنە، مەسجىدمۇ، چېركاۋمۇ تۇرۇپتۇغۇ، خەق خالىسا مەسجىدكە كىرىدۇ، خالىسا چېركاۋغا. سەن بولساڭ ئەتىدىن كەچكىچە دۆلەتتىن ئاغرىنىپلا يۈرىسەن.

ــ ئاھ ، ئوغلۇم! راست دەيسەن، راستىنلا ھېچ ئىش بولغىنى يوق، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا، گۈلدەك كېتىپ بارىدۇ. قىمارخانىلار، پاھىشىخانىلار ئېچىلمايۋاتىدۇ، قىزلىرىمىز، ئوغۇللىرىمىز ئازمايۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ئۆز ۋەتىنىمىزدە ھېچبىر قىزىمىز ياغلىق چىگكەن گۇناھى ئۈچۈن ئوقۇشتىن قالمايۋاتىدۇ، چەتكە قېقىلمايۋاتىدۇ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە شەرتسىز ئەمەل قىلىنىۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى موماي.

مەريەم تاقەت قىلالماي، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بىلىگە تەپتى:

ــ ھەم قىزلار ئوقۇمىسۇن دەيسىز ھەم مەكتەپكە كىرەلمىگەن قىزلارنى ئاقلايسىز. سىزنىڭ قەستىڭىز مېنىڭ قىزىمدىمۇ؟

موماي:

ــ ياق بالام. مېنى نېمانداق چۈشەنمەيدىغانسەن، مەن قىزلار ئوقۇمىسۇن دېدىممۇ؟ ياخشى شارائىتى بولسا نېمىشقا ئوقۇمىسۇن؟ بىر ئىنساننىڭ، ئەڭ مۇھىمى بىر مۇسۇلماننىڭ مەقسىتى، ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ئەمەسمۇ؟ ئەمما سىلەر پۈتۈنلەي باشقا نىيەتتە، «قىزىم ئوقۇپ دىپلوم ئېلىۋالسىلا بولدى» دەۋاتىسىلەر، ــ دەپ جاۋاپ بەردى.

ئارىق ئەپەندى تېرىكىپ:

ــ بولدى بەس، ـ دېدى ۋە داۋام قىلدى:

ــ بۇلارنى قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال نېمە قىلىش كېرەكلىكىگە كېلەيلى. قىزىمىزنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ئويناشمايلى، بۇ دەۋردە ئوقۇمىسا بولمايدۇ، ــ ئارقىدىنلا ئايالىغا:

ــ خانىم، ئاۋۇ قىزىڭغا ئېيتىپ قوي! بۇندىن كېيىن پېيىگە چۈشكىنىم چۈشكەن. كىچىككىنە بىر خاتالىقىنى تۇتۇۋالسام، ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن.

ئاشخانىدا قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، دادىسىنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان ئايشەن تۇۋلىۋەتكىلى تاس قالدى. ئەمدى تېخىمۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇ سۆيگىنى بىلەن قانداق كۆرۈشەر؟ ھەرقانچە پىنھان جايدا ئۇچراشقان

بىلەنمۇ يەنىلا دادىسىنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئايشەن كۆڭلىدە دادىسىدىن ئاغرىندى، چۈنكى ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا ئاكىسى بولغان بولسا، دادىسى جەزمەن: «ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن بوپتۇ، ھېچقىسى يوق» دېگەن بولاتتى. ئايشەن بۇ تەڭسىزلىككە غەزەپلىنەتتى.

جەمىلە موماي يەنە دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى. باللىرىنىڭ ئاللاھتىن بۇ قەدەر يىراقلىشىپ كېتىشى ئۇنى تولىمۇ ئازاپلايتتى، كېچە ـ كۈندۈز باللىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب تىلەپ دۇئا قىلاتتى ۋە دۇئالىرىنىڭ ھامان بىر كۈنى ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئارىف ئەپەندى كەچتە ئۆيگە كېلىپ ئوغلى يۇنۇسنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى كۆردى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئايالىغا:

ــ خانىم، بۈگۈن بىزنىڭ ئوغۇلنى بىر قىز بىلەن كۆردۈم. قارىسام بىر ـ بىرسىگە تازا ماس كەپتۇ جۇمۇ! ــ دېدى زوق بىلەن.

ــ نېمە دېگىنىڭ ئۇ بېگىم، خۇدا ساقلىسۇن ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بىرىنى تېپىشىدىن، ــ دېدى مەريەم.

ــ ھېچقىسى يوق، ئۇ دېگەن ئەر كىشى، ـ پەرۋاسىز جاۋاپ بەردى ئارىف.

ــ ئۇنداق دېمە، بەختسىزلىكنىڭ ئەركەك - چىشىسى بولمايدۇ، ــ دېدى مەريەم.

جەملە موماي:

ــ ئوغلۇم، ئەركەكنىڭ ئىپپىتى يوقمۇ؟ ئىپپەت دېگەن سۆز يالغۇز ئاياللارغىلا قارىتىلغانمۇ؟ ئايشەننى توسىسىلەر، يۇنۇسقا كەلگەندە ئاپىرىن دەيسىلەر. بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟

ئايشەن ئاشخانىدىن تېۋىشسىز چىقىپ كەلدى ۋە ئاستاغىنە ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ گەپ تىڭشاشقا باشلىدى. ئىچىدە بولسا تۇنجى قېتىم مومىسىغا: «يارايسەن موما، داۋام قىل» دەۋاتاتتى.

ــ نېمە بولاتتى، ــ دېگەچ داۋام قىلدى ئارىپ:

ــ ئەركىشى دېگەن شۇ، يارىمىسا تاشلايدۇ.

جەملە مومىنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

ــ ئىسست ساڭا ئارىپ ئىسمىنى قويغىنىم، پەقەت ئىسمىڭغا لايىق ئاقىللارچە پىكىر قىلمايدىكەنسەن. سەن تېخى نېمە بولىدىغىنىنى بىلمەمسەن؟ نېمە بولاتتى، ئاللاھتىن يىراقلىشىدۇ، پەيغەمبەردىن يىراقلىشىدۇ! بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئاقىۋەت بولامدۇ؟

ــ شۇنى ئۇنتۇپ قالما ئانا، بۇلار تېخى ياش. كېيىنچە ئىبادىتىنىمۇ، تەۋبىسىنىمۇ قىلىۋالىدۇ.

ــ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىنى: «دىققەت قىل! نامەھرەمگە ئىككىنچى قېتىم باقساڭ، جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن» دەپ ئاگاھلاندۇرغان ۋاقتىدا، ئەلى تېخى ياش ئىدى. ياشلىق ئاللاھ

تەرىپىدىن بىزگە ئاتا قىلىنغان بىر نېمەتتۇر، ئۇنى خالىغانچە ئىسراپ قىلىشقىتىشكە بولمايدۇ. سەن دەپ باققىنە، سەن بىر ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولۇش سالاھىيتىڭ بىلەن بالا ـ چاقاڭغا قاچان ئىگە بولسەن؟

ــ چېچىلما ئانا، ئۇلارغا ھېچنېمە بولمايدۇ.

ــ ئوغلۇم، بۇ بىغەملىكىڭگە ھەقىقەتەن ھەيران قېلىۋاتىمەن.

ئارىق ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويدى ۋە:

ــ ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمە ئانا، ھازىر دەۋر ئۆزگەردى، زامانغا ماسلاشماي بولمايدۇ، ــ دېدى.

بۇ گەپنى پۇرسەت بىلگەن مەريەم دەرھال ئىبرىگە:

ــ بېگىم، يېڭى يىل كېلىپ قالدى، ئۇ كۆنى ئۆتكۈزۈلىدىغان كېچىلىككە ئايشەنىڭ ھەممە دوستلىرى بارماقچىكەن. شۇڭا ئۇنىڭغىمۇ ياخشىراق بىر قۇر كىيىم ئالايلىمىكىن دېۋىدىم، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا بويىنىنى قىسىپ قالمىسۇن دەيمىنا. ـ دېدى.

ــ نەدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن؟ ــ دەپ سورىدى ئارىق.

ــ رايونىنىڭ توي سالونىدا، ــ جاۋاپ بەردى مەريەم.

ــ كىيىمنى ئەلۋەتتە ئالىمىز، ئەمما بىر شەرتىم بار، سەن ئۇ كۈنى قىزىڭ بىلەن بىللە بارىسەن.

ــ بولماسمىكىن بېگىم، ھېچكىمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بارمايدۇ ئۇ يەرگە، ـ دەرھال قارشى چىقتى مەريەم.

ــ ئۇنداق بولسا ئاكىسى بىلەن بارسۇن، ــ دېدى ئارىق.

ــ بولىدۇ. ئەمىسە سەن پۇل قويۇپ قويغىن، ئەتە كىيىم ئالغىلى چىقىمىز.

جەمىلە موماي يەنە سەبىر قىلالمىدى، ئىچىدە: «باياتىن بېرى شۇنچە گەپ قىلىۋەتسەممۇ يەنە ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنىنى قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ: ‹ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرى بار، ئەمما ئۇلار ئاڭلىمايدۇ؛ كۆزلىرى بار، لېكىن ئۇلار كۆرمەيدۇ› دېگىنى بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ۋە ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

ــ تووۋا قىلدىم، بىر مۇشۇ قالغان ئىدى. بۇ قىلىۋاتقانلىرىڭلار سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارغا توغرا كېلەمدۇ زادى؟

ئارىپ جاۋاپ بەرمەي چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ پەندى ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەنىدى.

مەريەم قېيىنئانىسىنى سىلىكىدى:

ـ سەن ئولتۇرۇشۇڭنى بىلگىنە، نېمە دەپ ھەممە ئىشىمىزغا چات كېرىۋالىسەن؟

ــ بالام، قىلىۋاتقان ئىشىڭلار خاتا. بالىلىرىڭلارنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرىۋاتىسىلەر، ــ دېدى جەمىلە ئانا.

ــ نېمىنى خاتا قىپتۇق؟ دۇنياغا ئىككى قېتىم كېلەمتى؟ ــ دېدى مەريەم.

ــ دۇرۇست، ئەگەر دۇنياغا يەنە بىر قېتىم كېلىش پۇرسىتى بولغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ ئاللاھنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايتتى.

— ھېچنېمە بولمايدۇ، ئاللاھ كەچۈرۈۋېتىدۇ. سەنچە بولغاندا كېچىلىككە بارماي دوستلىرىنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسۇنمۇ؟

— ئاللاھ كەچۈرۈۋېتىدۇ دەيدىغانغا نېمە ئاساسىڭ بار؟ ئەگەر كەچۈرمىسىچۇ؟ ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسا مەيلىمۇ؟

مەريەم جەمىلە ئانىنىڭ سۆزىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويماي، يەنە ئۆز گېپىنى يورغىلاتقىلى تۇردى:

— ئاپا، سەنمۇ ھە دېسىلا ئارىفنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يېمە، مېنىڭ ئاچچىقىم كېلىدۇ.

— قىزىم، ئۇلار مېنىڭ نەۋرىلىرىم. ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتقانلىقىمدىن سۆزلەيمەن شۇ، — دەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا ئۇرۇندى جەمىلە ئانا.

— سەن ئالدى بىلەن ئۆزەڭگە ئىچ ئاغرىتىۋال، — مەريەم شۇنداق دەپلا مومايىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

جەمىلە ئانا ئاغزىنى يۇمۇشقا مەجبۇر بولدى، بۇرۇن ھېچكىم ئۆزىدىن چوڭلارغا بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلمايتتى، ھەر دائىم ئەدەپلىك، ھايالىق بولۇشقا تىرىشاتتى. شۇ كىشىلەرنىڭمۇ ھېچقايسىسى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرمىگەن. ھازىرقىلار بولسا ئوقۇغانسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، ئەسلىدە ئوقۇغان كىشى دېگەن تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك بولسا توغرا بولاتتى. بۇلار مەكتەپتە نېمە ئۆگىنىۋاتىدىكىن ـ تاڭ؟! ئۇ شۇ خىياللارنى قىلغاچ، ئاستا قوپۇپ

ھۆجرىسىغا كىرىپ كەتتى. جەملە ئانا دەردىنى، ئىستەكلىرىنى يەنىلا ھەممىگە قادىر ئىگىسىگە ئېيتاتتى.

ئــۇ ھەممــدىن مېھرىبــان ئــدى؛ ھــدايەت قىلغــۇچى، تــوۋا قىلغۇچىنىــڭ گۇنــاھلىرىنى كەچۈرگــۈچى ئــدى؛ ئــۇ دۇنيــا ۋە ئاخىرەتنىڭ يېگانە ئىلاھى ئىدى.

* * * * *

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن...

مەريەم خانىم ۋە قىزى ئايشەن دۇكانىمۇ دۇكان باش تىقىپ يېڭى يىللىق كىيىم تاللاۋاتاتتى. ئايشەننىڭ تاللىغىنى ئاپىسىغا يارىمايتتى، ئاپىسى ياقتۇرغــاننى بولســا ئايشــەن ياراتمــايتتى. ئايشــەن، «دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا كۆلكىگە قالىمەن» دەپ ئاپىسى تاللاپ بەرگەن ھەممە يېرىنى چۈمكەيدىغان كىيىملەرنى ئېلىشنى خالىمىغانىدى، مەريەم خانىمنىڭ جاھىللىق بىلەن ئايشەن ياخشى كۆرىدىغان ئوچۇق، مودا كىيىملەرگە قارشى چىقىشى ئۇنى تېرىكتۈرۈپ، ئۆلتۈرەي دەۋاتاتتى.

ئۇلار شۇنداق تالاش ـ تارتىش قىلىپ يۈرۈپ، يەنە بىر دۇكانغا كىردى. دۇكاننىڭ ئاياللار كىيىملىرىنى ساتىدىغان تەرىپىدە خېرىدارلار تولۇپ كەتكەنىدى، ھېرىپ ھالى قالمىغان مەريەم خانىم بىر بوش يەر تېپىپ ئولتۇرۇۋېلىشقا ئالدىرىدى. بۇ چاغدا دۇكاننىڭ مال ساتقۇچىسى يېتىپ كېلىپ :

ــ سلەرگە قانداق ياردىمىم كېرەك؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ يېڭى يىل كېچىلىكىدە كىيىدىغان كىيىم لازىم ئىدى، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ئايشەن.

مال ساتقۇچى: «بولىدۇ» دېدى ـ دە، بىر نەچچە قۇر كىيىمنى كۆرسەتكەندىن كېيىن، قىسقا يوپكىلارنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى...

بۇنى كۆرگەن مەريەم خانىم دەرھال:

ــ بولمايدۇ، بۇلار بەك قىسقىكەن. داداڭ كۆرسە ئاچچىقى كېلىدۇ، ــ دېدى.

مال ساتقۇچى ئۇنىڭ گېپىگە قارشى چىقتى:

ــ بۇنىڭ نەرى قىسقا؟ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلىدىن ئېلىۋاتىدۇ. كېيگەن چاغدا دادىسىغا كۆرسەتمىسىلا بولدىغۇ!

بۇ سۆزلەر بىر چەتتە كىيىم تاللاۋاتقان ياش قىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى ۋە يېنىدىكى دوستى ئەسلەمگە:

ــ ئەسلەم، سەن تاللىغاچ تۇر، مەن ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ كېلەي، ــ دېدى ـ دە، ئايشەنلەر تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەسلەم بولسا ئۆز ئۆزىگە:

ــ ھەلىمە يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى، ـ دەپ پىچىرلاپ قويدى.

ھەلىمە مال ساتقۇچىنىڭ قولىدىكى ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىرمۇ كەلمەيدىغان يوپكىنى كۆرستىپ تۇرۇپ:

ــ مۇشۇنى قىسقا ئەمەس دەۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

مال ساتقۇچى:

ــ نېمە، ئۈزۈنمكەن؟ ــ دېدى ھەيرانلىق بىلەن.
ھەلىمە جاۋاپ بەرمەي، مەريەم خانىمغا بۇرۇلدى ۋە:
ــ كەچۈرۈڭ ھەدە، مەنچە سىز قىزىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇتقا ئىتتىرىۋاتىسىز، ــ دېدى.
ئايشەن بۇ گەپكە چىداپ تۇرالماي دەرھال جاۋاپ بەردى:
ــ ھەركىم ئۆزىنى بىلىۋالسۇن، ھەركىمنىڭ ئۆز گۇناھى ئۆزىگە.
ــ ئۇغۇ شۇنداق سىڭلىم، لېكىن بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا دېگەن گەپ بار، ــ دېدى ھەلىمە.
ئايشەن ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ :
ــ كارىڭىز نېمە؟ ــ دېدى.
ــ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەچكە بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن. مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماننى ئاگاھلاندۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار، ــ دېدى ھەلىمە.
مال ساتقۇچى قىز ئارىغا كىردى:
ــ بۇ يەر سىزنىڭ ئەكسىيەتچى كۆز قاراشلىرىڭىزنى تەرغىپ قىلىدىغان يېرىڭىز ئەمەس.
ــ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى ھەلىمە.
ــ نېمە بولاتتى، شۇ تاپتا قالاقلىقنى تەشۋىق قىلىۋاتىسىز، ــ دەپ جاۋاپ بەردى مال ساتقۇچى.

ــ قالاقلىقتىن خۇدايىم ساقلىسۇن، مۇسۇلمان قالاق بولمايدۇ، شۇڭا بۇ گېپىڭىزنى ئۆزۈمگە ئالمايمەن. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتىم خالاس، ــ دېدى ھەلىمە.

ئايشەن:

ــ كارىڭىز بولمىسۇن دېدۇققۇ، ــ دېدى.

ــ قېرىندىشىم، جېنىم سىڭلىم! مېنىڭ قانداقمۇ كارىم بولمىسۇن؟ كىممۇ سەندەك بىر گۈزەل قىزنىڭ ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشەلمەسلىكىگە قاراپ تۇرالايدۇ؟

ــ خۇددى مېنى تونۇيدىغاندەكلا گەپ قىلىسىزغۇ؟ ــ زاڭلىق قىلغاندەك سورىدى ئايشەن.

ــ سىزنى تونۇش تونۇماسلىقىمنىڭ كارى چاغلىق، ئەمما بىز دىنىي قېرىنداش، ــ دېدى ھەلىمە.

ــ ئەمىسە سىز ئاللاھنىڭ مەندىن رازى بولمايدىغانلىقىنى نەدىن بىلىسىز؟ ــ دەپ سورىدى ئايشەن.

ــ ئۆزىڭىز دەپ بېقىڭە قېنى، سىزچە رازى بولارمۇ؟

ئايشەن گەپ قىلالماي قالدى، «بەلكىم دېگەنلىرى توغرىدۇر» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. تاقەت قىلالمىغان مال ساتقۇچى:

ــ دۇنياغا ئىككى قېتىم كېلەمتى، سىزچۇ، تولا مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭ، ــ دېدى ئاچچىق بىلەن.

ــ تـوغرا ئېيتىسـىز. پەقەت بـۇ دۇنياغـا يەنە بـىر قېتىم تـۆرىلىش ئىمكانىيىتى يوق بولغـاچقىلا، تېخىمـۇ ئېھتىياتچـان بولـۇش، ئـۆمرىنى قەدىرلەش كېرەك، ــ دېدى ھەلىمە ۋە مەريەم خانىمغا :

ــ قـوزىڭىزنى ئـۆز قـولىڭىز بىـلەن بـۆرىلەرگە تاشـلاپ بەرمەڭ. «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دېگەن گەپ بار، ــ دېدى.

مەريەمنىڭ ئەمدى ھەقىقەتەن ئاچچىقى كەلگەنىدى، شـۇڭا يـۈز ـ خاتىرە قىلىپ تۇرمايلا ۋارقىرىدى:

ــ مـاڭە نېـرى، ئىشـىڭنى قىـله! ھەممىمىـز مۇسـۇلمان، ھەركىـم ئۆزىنى بىلىۋالسۇن.

ــ بۇ ئىشلارغا ئۆزۈڭ شاھىد بول، ئى ئاللاھ! ــ دەپ نىدا قىلدى ھەلىمە ۋە دوستى ئەسلەمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. ئەسلەم دوستىغا كايىدى:

ــ دائىم شـۇنداق ئـۆزۈڭگە ئىـش تېپىـپلا يۈرىسـەن، نـېمە قىلسـا قىلمامدۇ، سېنىڭ نېمە كارىڭ؟

ــ بـۇ گەپ سـېنىڭ ئاغزىڭـدىن قانـداق چىقتـى؟ كـارىم بولمـاي تۇرالامـــدىم؟ پەيغەمبىرىمىزنىـــڭ بـــۇرۇنقىلار ھەققىـــدە: «ئـــۇلار يامانلىقلارنى توسمىغانلىقى ئۈچۈن، يامانلىق قىلغۇچىلار بىلەن بىلـله ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىدى» دېگەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ ــ دېـدى ھەلىمە.

ــ ئەمما بىر نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالدىڭ، ــ دېدى ئەسلەم.

ــ قايسى نۇقتا؟ ــ دەپ سورىدى ھەلىمە.

ــ يامانلىقنى شۇنداق قارىسىغىلا توسقىلى بولاتتىمۇ؟ تەبلىغىنىڭ، نەسىھەتنىڭ، دەۋەتنىڭ ھېچ رولى يوقمۇ؟ ھەقىقەتنى ياقلاش بىزنىڭ ھوقۇقىمىز، لېكىن ئۇيغۇن بولمىغان ۋاقىتتا، خاتا ئۇسۇلنى قوللىنىش ئەكسىچە نەتىجە بېرىدۇ. سەنچە دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟ ــ دېدى ئەسلەم.

ــ گېپىڭ ئورۇنلۇقتەك تۇرىدۇ، خاتا قىلغان بولسام. ئاللاھتىن گۇناھىمنى تىلەيمەن. ئەمما مېنىڭ مەقسىتىم، ئازراق بولسىمۇ ياخشىلىقنىڭ ئورۇقلىرىنى چېچىش ئىدى، ئەپسۇس، شور تۇپراقتا گىيا ئۈنمەيدىكەن، ــ دېدى ھەلىمە خورسىنىپ.

ــ نېمىگە خورسىنىسەن؟ ــ دېدى ئەسلەم، ــ ھەر چاقىرىققا دەماللىققا ھەممە ئادەم ئەگىشىپ بولالامدۇ؟

ــ مەن ئۇنى دېمىدىم، ــ دېدى ھەلىمە.

ــ ئەمىسە نېمە؟

ــ ئەجەبا بىزدەك مىللەتتىن دۇنيادا يەنە بىرى بارمىدۇ؟ ــ دېدى ھەلىمە.

ئەسلەم چۈشەنمەي :

ــ ئۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ئېتىقادتا ئالىنغان، ئۇ تەڭدىشى يوق ئىسلام دىنىغا ئەمەس، بەلكى ئۆز كاللىسىدا شەكىللەندۈرۈۋالغان ئاتالمىش «ئىسلام» غا ئېتىقاد قىلىۋاتقان؛ ئىسمى مۇسۇلمان، قىلىقى كاپىر؛ دىنى ئىسلام،

تۇتقان يولى غەربچە. مۇشۇنداق مىللەت بارمىدۇ؟ ئاھ خۇدا، نېمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقاندىمىز!

ئەسلەم:

ــ بولدى قايتايلى ئەمدى، قارا، يەنە ئۇمچەيگىلى تۇردۇڭ، ــ دېدى.

ئۇلار دۇكاندىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ھەلىمە مال ساتقۇچىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئالايغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا تەبەسسۇم بىلەن:

ــ ئىشىڭىزغا بەرىكەت تىلەيمەن، ــ دېدى ۋە قوشۇپ قويدى:

ــ مېنىڭ ئىشىڭىزغا ئارىلىشىۋېلىش نىيىتىم يوق ئىدى. قىيامەت كۈنى ھېساب بېرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغىنىمىزدا، بۇگۈنكى ئىش ئېسىڭىزگە كەلگەندە، مېنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىمنى بىلىپ يېتىسىز، ئەمما ئۇ چاغدا تولىمۇ كېچىككەن بولىسىز. ئاللاھنىڭ سالىمى ھىدايەت تاپقانلارغا بولسۇن!

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئايشەن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىدى:

ــ ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان. مومامغۇ قېرى، چۈشەنمەيدۇ دېسەم، ئەسلىدە ياشلارنىڭ ئىچىدىمۇ مومامدەك قالاقلار باركەن ئەمەسمۇ؟

نىھايەت، ئايشەن ئۆزى ياقتۇرغان كىيىمدىن بىرنى ئالدى. ئەمما بۇ كىيىمنى دادىسىغا كۆرسەتمەسلىكنى پىلانلىدى، چۈنكى دادىسى ئۇنىڭ بۇنچىۋالا قىسقا كىيىم كىيگىنىنى كۆرسە چوقۇم ئاچچىقلايتتى. بوپتۇ، دادىسىدىنغۇ يوشۇرار، ئەمما ئىككى مۇرىسىدىكى

پەرىشتىلەردىن يوشۇرۇپ قالالارمۇ؟ پەرىشتىلەردىنمۇ يوشۇردى دەيلى، ئاللاھتىنچۇ؟ ئاللاھتىن يوشۇرالمايدىغانلىقى ئېنىق. ئۇ ھالدا بۇلارنى يەنە ئويلاپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، بىر كۈن بولسىمۇ دۇنيادا ياشىغىنى ئەۋزەل...

يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. ئايشەنىنىڭ تەييارلىقلىرىمۇ پۈتۈپ قالغان ئىدى، ھەتتا جابدۇنىدىغان ساتىراشخانا بىلەنمۇ كېلىشىپ قويدى. دادىسىنى قايىل قىلىش بىر ئاز تەسكە چۈشكەن بولسىمۇ، ئاپىسى يەنە ئۇنىڭ ياردىمگە يېتىشتى. ياشلىقىنىڭ پەيزىنى سۈرەلمىگەن ئاپىسى ئايشەنىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ بېرىشكە تەييار ئىدى.

يېڭى يىل ئاخشىمى ئايشەن ئاكىسى يۇنۇس بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقتى. تالاغا چىقىشىغا يۇنۇس سىڭلىسىدىن:

ــ ئۆزۈڭ يالغۇز بېرىشنى خالامسەن؟ ــ دەپ سورىدى.

ئايشەن قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، «ئاكام مېنى چېكىپ بېقىۋاتقان بولمىسۇن يەنە» دېگەن ئوي كاللىسىدىن يالت قىلىپ كەچتى ۋە نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمىدى. يۇنۇس ئۇنىڭ تېڭىرقاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تەكرار سورىدى:

ــ خالامسەن دەۋاتىمەن؟ مەنمۇ نۇرتەن بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم. سەن ۋاقىت بەلگىلە، مەن شۇ چاغدا كېلىپ سېنى ئېلىپ كېتىمەن.

ئايشەن خۇشاللىقتىن سەكرىۋېتىشكە تاس قالغان بولسىمۇ، چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ:

ــ مەيلـى، ــ دەپـلا جـاۋاپ بەردى ۋە ئاكـا ـ سـڭـل كېلىشـىپ ئايرىلىشـتى. مەريەم خـانىم بـىلـەن ئـارىق ئەپەنـدى بولسـا، قىزىنـى ئاكىسىغا تاپشۇرغىنىدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆيدە ئولتۇراتتى.

* * * * *

ئايشەن ساۋاقدىشى سەھەر بىلەن كۆرۈشۈپ يېڭى يىل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈلىدىغان زالغا قاراپ مېڭىشتى.

دەل شـۇ چاغـدا يۇنۇسـمۇ نـۇرتەن بـىلـەن كۆرۈشۈشـكە تەقەززا بولۇۋاتاتتى، دېيىشىپ قويغان يېرىگە يېتىپ كەلگىنىدە نۇرتەن تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇ بىر يەرنى تېپىـپ ئولتـۇرۇپ سـۆيگىنىنى ساقلىغاچ ئەتراپقا كۆز يۈگـۈرتتى، نېرىـدا شـالاڭ سـاقال قويۇۋالغـان بىـر يىگىـت كىتـاپ ئوقـۇپ ئولتـۇراتتى. يۇنـۇس ئۇنىڭـدىن سـائەتنى سـورىماقچى بولـدى، لـېكىن يىگىتنىـڭ دىققىتىنـى بۆلۈشـنى خالىمـىدى. بىـردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ، ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

ــ كەچۈرۈڭ...

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ ماڭا دەۋاتامسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، سائىتىڭىز قانچە بولدى؟

يىگىت سائىتىگە قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

ــ ئالتە يېرىم بولدى.

ــ رەھمەت، ــ دېدى يۇنۇس.

دېمەك، نۇرتەنىنىڭ كېلىشىگە يەنە يېرىم سائەت بار ئىدى، يۇنۇسنىڭ ئىچى سىقىلىپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى. بۇنى كۆرگەن يىگىت:

— تېت ـ تېت بولۇۋاتقان ئوخشىمامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، يەنە يېرىم سائەت بار ئىكەن، مەن ساقلاشقا بەك ئۆچ، — دېدى ۋە ئارقىدىنلا:

— دوستۇمنى ساقلاۋاتاتتىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ساقلاشقا ئۆچ. ئەمما ئىنسان ئۆمرى ساقلاش بىلەن ئۆتىدۇ، ئەگەر ساقلاۋاتقىنىڭىز سۆيگەن كىشىلىرىڭىز بولۇپ قالسا، ۋاقىتنىڭ ئۆتمىكى تېخىمۇ تەس، — دېدى يىگىت.

يۇنۇس تېڭىرقاپ قالدى، ئىچىدە «بۇ يىگىت مېنىڭ سۆيگىنىمنى ساقلاۋاتقىنىمنى بىلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

يۇنۇس:

— سىزمۇ سۆيگىنىڭىزنى ساقلاۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق. لېكىن مېنىڭ سۆيگىنىم كەلمەيدۇ، مەن ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن، — دەپ جاۋاپ بەردى يىگىت.

— ھە، دېمەك سۆيگىنىڭىز يىراقتا ئىكەندە؟

— ھەم شۇنداق ھەم ئەمەس.

— چۈشىنەلمىدىم، — دېدى يۇنۇس گاڭگىراپ.

يىگىت گەپنى يۆتكىۋەتتى:

ــ سۆيگىنىمنى ساقلاۋاتىمەن دەڭ.
ــ ھەئە. سىز قانداق بىلدىڭىز؟
يىگىت دەماللىققا جاۋاپ بەرمىدى، سەل تۇرۇۋېلىپ يەنە سۆز تېمىسىنى يۆتكىمەكچى بولۇپ سورىدى:
ــ سىزچە سۆيگۈ دېگەن نېمە؟
يۇنۇس بۇ كۈتۈلمىگەن سوئالغا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىشىنى بىلەلمەي يىگىتكە قارىدى، يىگىتنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر خىل ئۆزگىچە ئىشىنىش ئىپادىسى بار ئىدى.
ــ سۆيگۈ بىرخىل گۈزەل ھېسسىيات ئىبارەت، ــ دەپ جاۋاپ بەردى يۇنۇس.
ــ سىزچە سۆيگۈ بىلەن ھەۋەسنىڭ، ئارزۇنىڭ، ئۆتكۈنچى ھېس - تۇيغۇلارنىڭ پەرقى نېمە؟ ــ دەپ سورىدى يىگىت.
ــ كاللام ئېلىشىپ كەتتى، سىز پىسخولوگمۇ؟
ــ ياق، - دېدى يىگىت.
ــ بۇ دېگەنلىرىڭىزنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، ــ دەپ جاۋاپ بەردى يۇنۇس.
ــ دېمىسىمۇ بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدە پىكىر ۋە تەپەككۇر گادايلىقى ئېغىرلىشىپ كەتتى. ئەمما ئىنساننى ئىنسان قىلىدىغان ئۇنىڭ تەپەككۇرىدۇر، - دېدى يىگىت.
ــ ئەمىسە سىزنىڭ بايا دېگەنلىرىڭىزنى قانداق پەرق ئېتىمىز؟ ــ دەپ سورىدى يۇنۇس.

ــ مەنچە ئەڭ مۇھىمى، ئىنسانىنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇشىدۇر. ئىنسان ھېسلىرى بىلەن ئۆتكۈنچى ھەۋەسلىرىنى ئايلاشتۇرۇپ قويماسلىقى، ئۆز پىكىر ۋە تۇيغۇلىرىنى ئېنىق بىلىشى لازىم، ـ دەپ جاۋاپ بەردى يىگىت.

ــ دوستۇم، سۆزلىرىڭىزنى شۇنچە قىلىپمۇ چۈشىنەلمىدىم. تېپىشماقتەكلا گەپ قىلىدىكەنسىز، ـ دېدى يۇنۇس.

يىگىت كۈلۈمسىرىدى. يۇنۇسنىڭ بۇ سەممىيلىكىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى ۋە جاۋابەن قولىنى سۇندى:

ــ تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئىسمىم ئۆمەر فارۇق. كەچلىك كۇرستا ئوقۇۋاتىمەن، كۈندۈزلىرى ئالەمدار كوچىسىدىكى بولكىخانىدا ئىشلەيمەن.

ــ مېنىڭ ئىسمىم يۇنۇس، بوغالتىرلىق كەسپىدە ئوقۇۋاتىمەن.

ــ تونۇشقىنىمىزغا خۇشالمەن.

ئۇ ئىككىسى ئەمدىلا قول ئېلىشىپ تۇرۇشىغا، نۇرتەن كېلىپ قالدى ۋە يۇنۇسقا:

ــ تېچلىقمۇ قەدىرلىكىم، ساقلىتىپ قويدۇممۇ؟ ــ دېدى.

ــ ياقەي، ـ دېدى يۇنۇس ۋە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ئۆمەر فارۇققا قاراپ:

ــ خەير-خوش ئاغىنە، سەل تۇرۇپ بەلكىم سېنىڭكىمۇ كېلىپ قالار، ـ دېدى.

ــ خەير، ئامان بولغىن. دېدىمغۇ مېنىڭ سۆيگىنىم كەلمەيدۇ، مەن بارمەن، ـ دېدى ئۆمەر.

ــ ئۇنداق بولسا ئۇنى بەك ساقلىتىۋەتمە، ـ دېدى يۇنۇس.

ــ ئەمما باردىغان كۆڭلۈمنىمۇ ئۇ بەلگىلەيدۇ.

ــ خوش ئەمسە، بىز كەتتۇق، ــ دېدى يۇنۇس ۋە قىز دوستىنى ئېلىپ ماڭدى.

ئۆمەر فارۇق يۇنۇسنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:

ــ ئۇنتۇپ قالما، ئالەمدار كوچىسىدىكى يۇلتۇز بولكىخانىسى. ساقلايمەن جۇمۇ!

ئۇ جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يەنە كىتابىنى ئاچتى. «كىتابسىز مىللەت تىرىك مۇردا» دېگەن سۆزگە چوڭقۇر ئىشىنىدىغان ئۆمەر يېنىدىن كىتاب ئايرىمايتتى. ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى:

ــ ئەھلى كىتاب بىر خەلق، قانداقسىگە بۈگۈنكىدەك ھالغا چۈشۈپ قالدۇق؟

.....

ۋاقتىنىڭ يېرىم كېچە بولۇپ قېلىشىغا قارىماي، ئاكىسىنىڭ تېخىچە قارىسىنىڭمۇ كۆرۈنمەيۋاتقانلىقى ئايشەنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى. يۇنۇس بولسا ئىچكەن پىۋىسىنىڭ كەيپىدە ئايشەنى ۋە

ۋاقتىنىڭ كەچ بولۇپ كەتكىنىنى پەتۇنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى.

ئايشەن ئاخىرى سۆيگىنى ۋۇرالغا:

ــ قەدىرلىكىم، مەن كەتمىسەم بولمايدۇ، دادام بەرگەن مۆھلەت توشتى، ئاكام بولسا تېخىچە يوق، ـ دېدى.

ــ نېمە دەيدىغانسەن؟ سەن كىچىك بالىمىتىڭ؟ ئەتە ـ ئۆگۈن ستۇدېنت بولىدىغان تۇرۇقلۇق، تېخىچە ئۆيدىكىلىرىڭنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالماي يۈرەمسەن؟ ــ دېدى ۋۇرال.

ــ توغرا دەيسەن، لېكىن ئۇلار بىلەن ياشاۋاتقاندىن كېيىن ئامال قانچە، ـ دېدى ئايشەن.

ــ بۇرۇنمۇ مەن ساڭا: «بىللە تۇرايلى» دېگەن. ياخشىسى بۈنى يەنە ئويلىنىپ باققىن.

دەل شۇ چاغدا زالدا يۇنۇس پەيدا بولدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەملەر توپى ئىچىدىن سىڭلىسىنى ئىزدەيتتى. زالنىڭ ئىچى تولىمۇ قالايمىقان بولۇپ، هاۋادا لەيلەپ يۈرگەن تاماكا ئىسى، هاراق بۇسى قوشۇلۇپ كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئايىنىتاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۈستىلىدە بولسا ئىچىشۋازلىق قىزىپ كەتكەنىدى. ۋەتەنىنىڭ كېلەچىكى بولغان بۇ ياشلار هېچ ئويالماي خەقنىڭ كۆزىچىلا هاياسىز قىلىقلارنى قىلاتتى.

يۇنۇس بۇلارنى كۆرۈپ يىرگىنىپ كەتتى. «مەن جېنىمدا خەقتىن يوشۇرۇن قىلىمەن» دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇ ئاخىرى سىڭلىسىنى

تاپتى. تاپتى ـ يۇ، ئۇنىڭ بىر يىگىت بىلەن تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىدى. ئۇچقانىدەك بىرىپ سىڭلىسىنىڭ قولىدىن تارتتى. چۆچۈپ كەتكەن ئايشەن دۇدۇقلاپ:

ــ مەن، مەن.... ـ دېيەلىدى ئارانلا.

يۇنۇس ئۇنى تارتقۇشلىغىنىچە:

ــ ماڭە! ــ دېدى ۋە زالدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار يول بويى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. ئۆيگە كەلگىنىدە ئارىنى ئەپەندى تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. مەريەم بولسا باللار دادىسىدىن بۇرۇن قايتىپ كەلسىدى دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇراتتى.

يۇنۇس ئۆيگە كىرە ـ كىرمەيلا سىڭلىسىنى بىر كاچات سالدى. ئايشەن يەرگە يىقىلدى، ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ئىككىنچى كاچاتنى يېدى. ۋاراڭ ــ چۇرۇڭنى ئاڭلىغان مەريەم يۈگۈرۈپ كەلدى:

ــ نېمە بولدى؟ نېمىشقا ئۇرىسەن سىڭلىڭنى؟ ـ دەپ سورىدى يۇنۇستىن.

ئايشەن يەرگە يىقىلغىنىدا قىسقا يوپكىسىدىن ئۇيياتلىق يەرلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. بۇنى كۆرگەن جەمىلە موماي خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتتى. كۆز ياشلىرى قورۇق باسقان يۈزىنى بويلاپ چۈشمەكتە ئىدى:

ــ ئاھ ، خۇدا ! بۇ بىر ئاپەت! بۇلار ئەمدى ئۇيياتلىق يەرلىرىنى ئېچىشتىنمۇ خىجىل بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ، ـ دەيتتى ئۆز ـ ئۆزىگە.

يۇنۇس ۋارقىرىدى:

ــ بۇ قىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيدىن تالاغا چىقىشىغا رۇخسەت يوق.

مەريەم:

ــ زادى نېمە ئىش بولدى؟ گەپ قىلساڭچۇ؟

ــ نېمە بولغىنىنى ئۆزىدىن سورا، ـ دېدى يۇنۇس.

ئايشەن يېگەن تايىقىنىڭ ئاچچىقىدا ۋارقىرىدى:

ــ دەپ باقە قېنى، ئۆزۈڭ نەدە ئىدىڭ؟ سېنىڭ قىلىپ يۈرگەنلىرىڭ توغرا، مېنىڭكى خاتامۇ؟

ــ ئاغزىڭنى يۇم! ئائىلىمىزنىڭ ئابرويىنى بىر تىيىن قىلىۋاتىسەن، بىلەمسەن شۇنى؟ ئەدەپسىز! ـ دېدى يۇنۇس.

ئايشەنمۇ بوش كەلمىدى:

ــ ماڭا تولا ئابروي توغرۇلۇق گەپ ساتما، ئالدى بىلەن سەن ئۆزۈڭنى باشقۇرىۋال!

يۇنۇس:

ــ ئاغزىڭنى يۇم دەۋاتىمەن ساڭا، تولا گەپ قىلما! ــ دېگىنىچە قىزغا دېۋەيلىدى. مەريەم دەرھال ئارىغا كىرىپ ئۇلارنى ئاجراتتى:

ــ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، تولا سىڭلىڭنى دۇشكەلىمە.

ــ سېنىڭ قىزىڭ خەقنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن بىللە يۈرىدۇ، ـ دېدى يۇنۇس.

ئايشەن دەرھال:

ــ سېنىڭ ئوغلۇڭمۇ خەقنىڭ قىزلىرى بىلەن.... ــ دېيىشىگە، مەريەم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تەپتى:

ــ بولدى قىل! ئۇ دېگەن ئوغۇل بالا. بىز سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلىپ بېرىۋاتساق، يەنە بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈشتىن نومۇس قىلامسەن؟ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇنىۋېرستېتتا ئوقۇيمەن دەپ خام خىيال قىلما.

ــ سېنىڭ نېمە كارىڭ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى ئايشەن.

ــ نېمە دېدىڭ؟!

ــ مېنىڭ هاياتىمغا ئارىلىشىش هوقۇقۇڭ يوق، ئۇقتۇڭمۇ؟ ـ دەپ قارشىلاشتى ئايشەن.

يۇنۇس بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنە سىڭلىسىنى ئۇرماقچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىۋېدى، ئاپىسى ئۇنى تۇتۇۋالدى.

ئايشەن هۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. چۈنكى دادىسى كېلىشتىن بۇرۇن كىيىملىرىنى يۆتكىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئاپىسى قىزىنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەتتى، يۇنۇس كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى ۋە يېنىدا ئولتۇرغان مومىسىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

ــ نېمىشقا يىغلايسەن؟ ـ دەپ سورىدى موميسىدىن.

جەملە موماي نەۋرىسىنىڭ ئاغزىدىن كېلىۋاتقان هاراق پۇرىقىدىن سەسكىنىپ كەتتى، ئۇنىڭ يىغىسى تېخىمۇ كۈچەيدى:

ــ ئوغلۇم، سەن يېقىنلىرىڭنىڭ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، يىغلىماي تۇرالامسەن؟

ــ يىغلايمەن، ئەمما ئاۋۋال قۇتقۇزۇشقا تىرىشىمەن.

ــ شۇنداق بالام، مەنمۇ دەل ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان يېقىنلىرىمنى قۇتقۇزالمىغىنىم ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن.

يۇنۇس چۈشىنەلمەي:

ــ كىم ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋېتىپتۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ئاھ ، جېنىم بالام، كۆز ئالدىمدا سىلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ، يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ.

ــ كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما موما، ئىككى كاچات ئۇرۇپ قويغانغا ھېچنېمە بولمايدۇ.

ــ مەن تاياقنى دېمەيۋاتىمەن. قارىغىنە، سېنىڭ ئاغزىڭ ھاراق پۇراپ تۇرىدۇ، سىڭلىڭ بولسا يېرىم يالىڭاچ، ھەتتا قىپيالىڭاچ دېسىمۇ بولىدۇ.

ــ يېرىم يالىڭاچ؟ ھەم يېرىم، ھەم يالىڭاچ، بۇ قانداق گەپ ئەمدى؟ مەنمۇ پەقەت ئىككى رومكىلا پىۋا ئىچىپ قويدۇم شۇ، ـ دېدى يۇنۇس.

ــ شۇنداق. بۈگۈن پىۋا، ئەتە ئاق ھاراق. سىڭلىڭ بولسا ئۈچىسىدا كىيىم تۇرۇقلۇق، ئۇ يەر بۇ يېرى ئوچۇق. بۇ يېرىم يالىڭاچ بولماي نېمە؟

يۇنۇس جاۋاپ بەرمىدى. جەمىلە موماي داۋام قىلدى:

ــ بــالام، مەن يىغلىمــاي كىــم يىغلىســۇن؟ ياپيــاش تــۇرۇپ، ئالللاھنىــڭ ســۆزىگە، ئەمرلىــرىگە قــۇلاق سالمايســىلەر. ســىڭلىڭنى ئۇرىسەن، ئەمما سەنمۇ سىڭلىڭدىن قېلىشمايسەن.

ــ ئەسلىدە سەنمۇ ئايشەن تەرەپتە تۇرىدىكەنسەن ـ دە؟

ــ ئۇنــداق ئەمەس، مەن پەقەت ئىككىڭلارنىــڭ خاتــالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرمەكچى.

ــ مەن ســىڭلىمنىڭ ئائىلىمىزنىــڭ ئابرويىغــا داغ چۈشۈرۈشــىگە يول قويمايمەن.

ــ بالام، سەن يۈرۈۋاتقان قىزنىڭمۇ ئاكىسى بــاردۇ؟ ئەر كىشــىمۇ ئــۆز ئىپپــەت ـ نومۇســىنى قوغدىشــى كېــرەك. ئــالللاھ قۇرئانــدا: «زىنــا قىلغان ئەرلەر ۋە زىنا قىلغان ئاياللار» دېيىش ئارقىلىق، بېرىلىــدىغان جازانىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

ــ توۋا دېگىــنە موما، مەن ھېچقاچــان زىنــا قىلمىــدىم، ــ دېــدى يۇنۇس ئالدىراپ.

ــ زىنــا پەقەت جىنســىي مۇناســىۋەتنىلا كۆرســەتمەيدۇ. ئــالللاھ دىنىمىزدا ھارامنى چەكلەپلا قالماي، بەلكى ھارامغا سەۋەب بولىــدىغان ئىشلارنىمۇ چەكلىــگەن. ئــالللاھ قۇرئانــدا: «(ئــى مــۇھەممەد!) مــۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكــى، (ئــۇلار) ھارامغــا كــۆز تىكمىســۇن ۋە ئۆزىنىــڭ مەھرەملىرىنــى قوغدىســۇن. چــۈنكى (بۇنــداق قىلىــش) ئــۇلار ئۈچــۈن پايدىلىق. شۈبھىسىزكى، ئالللاھ ئۇلارنىڭ نــېمە قىلىــۋاتقىنىنى ئوبــدان

بىلىدۇ. مۇئمىن ئاياللارغىمۇ ئېيتقىنكى، ئۇلار كۆزلىرىنى نامەھرەم ئەرلەرگە تىكمىسۇن، ئىززەت ـ نومۇسىنى ساقلىسۇن. زىننەتلىك يەرلىرىنى نامەھرەملەرگە كۆرسەتمىسۇن، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يەرلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»

ــ بولدى قىل موما، ھازىر دەۋىر ئۆزگەردى.

ــ ئاھ ، يۇنۇس! سەن تۇغۇلغاندا رەھمەتلىك بوۋاڭ قۇلىقىڭغا ئەزان توۋلاپ، ئىسمىڭنى قويغانىدى. ئۇ سېنىڭ ئۇلۇغ بىر ئالىم بولۇپ چىقىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتى.

ــ شۇڭا ئوقۇۋاتىمەنغۇ...

ــ ئاھ ، جېنىم بالام! سەن ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەر ئالىم ئەمەس، زالىم يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ. خاتالاشمىسام مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا ئىلىم، ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىدىغان يەرغۇ دەيمەن؟ سەن دەپ باققىنە قېنى، مەكتەپتە سىلەرگە نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتىدۇ؟

ـ ۋاي جېنىم موما، سەنمۇ يوقىلاڭ ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىپ يۈرىدىكەنسەن!

ــ بەلكىم بىركۈنلەردە مېنىڭ سۆزلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ قالارسەن بالام.

شۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. دېمەك ئارىق ئەپەندى قايتىپ كەلگەنىدى. مەريەم خانىم دەرھال ئۇلار ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ:

ــ بايا بولغان ئىشلارنى داداڭ بىلمىسۇن، ـ دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى.

ئايشــەن بولســا ئاللىقاچــان يــۈزلىرىنى يۇيــۇپ، كىيىملىرىنـــى ئالماشتۇرۇپ بولغان بولۇپ، ئاشخانىدا ئاپىسىغا قارىشىۋاتاتتى.

ئــارىپ ئەپەنــدى قــولىنى يۇيــۇپ چىقىــپ ئاپىســدىن ئەھــۋال سورىدى:

ــ ياخشى تۇردۇڭمۇ ئانا؟

مومايىنىڭ جاۋاپ بېرىشكە ھېچ تـاۋى يـوق ئىـدى، شـۇڭا ياخشـى دېگەن مەنىدە بېشىـنى لىڭشـىتىپ قويـۇش بىلەنـلا كۇپايىلەنـدى. بـۇ چاغدا قولىدا تەخسە كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلگەن ئايشەننى كۆرگەن ئارىپ ئەپەندى:

ــ ئوھۇ! مېنىڭ قىزىم قايتىـپ كەپتىغۇ، كەچ قالماپسـەن قـىزىم، يارايسەن! ـ دېدى ۋە بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئايالىغا قاراپ:

ــ ھە راست خانىم، مەن ئايشەنگە ئەڭ ياخشـى كـۇرسـتىن بـىرنـى ئۇقۇشۇپ قويدۇم. ئوقۇش بەدىلـى بىرئــاز قىممەتـكەن، لـېكىن قـىزىم ئۈچـۈن قــانچە پــۇل خەجلىســەكمۇ ئەرزىيــدۇ، ــ دېــدى. ئايشــەن خوشاللىقىدىن يۈگۈرۈپ كېلىپ دادىسىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى.

ــ مېنىڭ قىزىم كەلگۈسىدە دوكتۇر بولىدۇ، دادىسىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدۇ، ـ دېدى ئارىپ ئەپەندى.

جەملە موماي يەنە سۆزگە ئارىلاشتى:

ــ ئوغلۇم، ئوقۇپ دوكتۇر بولۇشقۇ ياخشى ئىش. لېكىن ھازىر جەمئىيەت بەك بۇزۇلۇپ كەتتى، قىزلار ئايرىم ئوقۇيدىغان مەكتەپ بولغان بولسا ياخشى بولاتتى.

ئايشەن مومىسىغا نەپرەت بىلەن قارىدى. ئارىق ئەپەندى:

ــ سەن غەم قىلما ئانا. نېمىلا بولمىسۇن ئوقۇپ دىپلومنى ئېلىۋالمىسا بولمايدۇ، ـ دېدى.

ــ ئوغلۇم، ئاخىرەتتىمۇ بىزگە بىر دىپلوم بېرىلىدۇ. ئەگەر ئۇنى ئالالمىساڭ قانداق قىلىسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دىپلومنى ئېلىۋالسىلا ھەممە ئىش ھەل بولۇپ كەتمەيدىغۇ، قاراپ باققىنە ئەتراپىڭغا، ساپلا كۆزى ئوچۇق قارىغۇلار بىلەن تولغان.

ــ ئانا، يەنە كوتۇلدىغىلى تۇردۇڭ، نېمە ئۇ كۆزى ئوچۇق قارىغۇ دېگەن؟

ــ شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ ئوقۇغان ئادەم دېگەن ئۆزىنى سوراپ يۈرىدىغان، قارا...

موماي يەنە نېمىلەرنىدۇ دېمەكچىدى، ئەمما ئوغلى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ بولدىلا، يەنە دېسەك يەنە شۇ. مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تاماق يەيلى.

تاماق يېيىلىۋاتقاندا، مەريەم خانىم تۇيۇقسىز:

ــ تاس قاپتىمىز ئۇنىۇتقىلى، بۇگۈن بىز كۆرۈۋاتقان تېلىۋىزىيە تىياتىرى بار ئەمەسمۇ؟ ــ دېدى ۋە دەرھال تېلىۋىزورنى ئاچماقچى بولۇپ، تىزگىنەكنى قولىغا ئالدى.

جەمىلە موماي، تېلېۋىزورنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەپسۇسكى، ھازىر كىشىلەر تېلېۋىزورغا خۇددى ئەپيۇنغا خۇمار بولغاندەك خۇمار بولۇشۇپ، ئۇنىڭسىز كۈن كەچۈرەلمەس ھالغا كەلگەنىدى.

ــ قىزىم، تامىقىمىزنى بىسمىللا دەپ يەيلى. قويمىغىنە شۇ شەيتاننىڭ نەرسىسىنى، ـ دېدى موماي.

ــ ئانا، ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋېلىپ، بىزنى ئەركىن نەپەس ئالالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويىۋاتىسىز. بىزنىڭ تېلىۋىزور كۆرۈشتىن باشقا يەنە نېمە كۆڭۈل خۇشىمىز بار ئىدى؟ ـ دېدى مەريەم.

ئارىنى ئەپەندىمۇ ئايالىغا بولۇشۇپ:

ــ ئانا، بۇنداق قىلىۋەرسەڭ باللارنى زېرىكتۈرىۋېتىسەن، ــ دېۋىدى، موماي جىمىپ قالدى.

جەمىلە موماي بەزىدە ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ قالاتتى. ئۆلۈم تىلەشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ھېچبىر كۆڭۈل خۇشلۇقى قالمىغان بۇ دۇنيادىن بالدۇرراق كېتىشنى تىلەپ ئاللاھقا يالۋۇراتتى.

ئۇ ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن غىققىدە بولۇپ قالدى، قارىماققا بېشىنى كۆتۈرمەي تاماق يەۋەتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، يېگەن لوقمىلىرى

زەھەر - زوقۇم بولۇپ گېلىنى كۆيدۈرەتتى. باشقىلار بولسا غېمىدە يوق تېلۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. جەمىلە موماي بىر چاغدا ئىختىيارسىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىرى تېلۋىزورغا چۈشۈشى بىلەن، ئىختىيارسىز توك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقىتى قالمىغانىدى، قوپۇپ ھۇجرىسىغا ماڭدى.

— ئانا، نەگە؟ - دەپ سورىدى ئارىق.

— ھۇجرامغا، - دەپ جاۋاپ بەردى ئانىسى.

— نېمە بولدى؟ تاماقنى يېمەيلا تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ؟

— يەنە نېمە بولماقچىدى؟ دادا، بالا، ئانا، قىز ئولتۇرۇپ غېمىڭلاردا يوق كارىۋاتتىكى كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرىسىلەر. ئاللاھتىن قورقمىساڭلارمۇ، بەندىدىن ئۇيالساڭلار بولمامدۇ؟

مەريەم خانىم تاقەت قىلالمىدى:

— سەن ئارىلاشمىغان بىر مۇشۇ قالغان ئىدى. ناھايىتى بىر كىنوغۇ شۇ، سېنىڭ دەستىڭدىن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بىر نەرسە كۆرەلمەمدۇ كىشى؟ بۇ بەك ئېشىپ كەتتىغۇ دەيمەن، مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرۇۋاتقانلىقىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ قالمىسۇن.

جەمىلە موماي غەزەپ بىلەن:

— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ قۇرۇپ كەتسۇن سېنىڭ ئۇنداق كىنويۇڭ! - دېدى ۋە ئارقىدىنلا ئوغلىدىن سورىدى:

ــ سەندىن سوراپ باقاي، شۇ تاپتا بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئىشىكىڭنى قېقىپ، سەندىن: «ئۆيىڭىزدە زىنا قىلساق بولامدۇ؟» دەپ سورىسا، نېمە دەيسەن؟

ــ نېمە دەيدىغانسەن ئانا، مەن يۇمشاقباشمىتىم ھەئە دەيدىغانغا؟

ــ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ بىرى ئىشىكتىن كىرىپ قىلسۇن، بىرى تېلېۋىزورنىڭ ئەينىكىنىڭ ئارقىسىدا. نېمە پەرقى؟ زىنا دېگەن زىنا. يەنە تېخى خىجىل بولماي، بالا ــ چاقاڭ بىلەن ئولتۇرۇپ كۆرىۋاتىسەن. بېشىمىزغا تاش ياغمىسۇن يەنە!

ئارىن گەپ قىلالمىدى. ئايشەن ۋە مەريەم خانىم بولسا مومايغا نەپرەت بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن يۇنۇس مومىسىغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى ۋە مومىسىنىڭ مۈرىسىگە قولىنى ئارتىپ تۇرۇپ:

ــ بولدى قىل موما، يۈرە، مەن سېنى ھۇجراڭغا ئەكىرىپ قوياي، - دېدى. ئۇلار چىقىپ كېتىشكە مەريەم پۈرسەتنى غەنىمەت بىلىپ كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىدى:

ــ دائىم مۇشۇنداق قىلىدۇ، دەردىنى مەنلا تارتامدىمەن؟ ھېلىمۇ ئاغزى - بۇرنۇمغىچە تويۇپ كەتتىم. يا خاتىرجەم بىر ئىش قىلالمىغان ئادەم. ئەمدى بەس، ماڭىمۇ جان كېرەك. يەنە بىر ئوغلىمۇ دەردىنى تارتىپ باقسۇن. سەن تېلېفون قىل، كېلىپ ئېلىپ كەتسۇن.

ئارىن يەنە تەڭقىسلىقتا قالغانىدى:

— ئۇلارنىڭ باقالمايدىغانلىقىنى سەنمۇ بىلىسەنغۇ؟ ئىنىم بولسا سوتچى، ئۇلار بىزدىنمۇ مەدەنىي ياشايدۇ. ئانام ئۇلارنىڭ ئۆيىگە تېخىمۇ كۆنەلمەيدۇ.

— ئەمىسە بولغۇلۇق ماڭىلا بولىدىكەندە؟! ئىشقىلىپ ئىنىڭ بىلەن سۆزلەشمىسەڭ بولمايدۇ. ئەگەر خالىمىساڭ ئۆزۈم دەيمەن ئۇ سوتچى جاناپلىرىغا.

مەريەم موماي ھۇجرىسىدا يىغلاپ ئولتۇراتتى، يۇنۇس بولسا تەسەللى بېرىشكە تىرىشىۋاتاتتى:

— ئۆتۈنۈپ قالاي موما، بولدى يىغلىما، بىر كىنوغىمۇ شۇنچىۋالا قىلىپ كېتەمسەن؟

— جېنىم بالام، مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنگەن بولساڭ، بۇنداق سوئالنى سورىمىغان بولاتتىڭ. سېنىڭ مۇشۇ: «نېمە بولاتتى، ھېچقىسى يوق» دېگەن سۆزلىرىڭلا يۈرىكىمنى پۇچىلايدۇ.

— نېمىشقا؟

— چۈنكى ساڭا ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن.

يۇنۇس مومىسىنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنى يەنە ئازاپلىماسلىق ئۈچۈن ئۈندىمىدى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. مەريەم قېينئانىسىغا گەپ قىلماي يۈرەتتى، بۇ جەمىلە مومىينى تېخىمۇ ئازاپلايتتى. بۈگۈن ئۆيگە مېھمان كەلمەكچى ئىدى. مەريەم ئەتىگەندە ئارىق ئەپەندىنى يولغا

سىلىقۋەتكەندىن كېيىن، ئۆيلەرنى تازىلاشقا تۇتۇندى، ئۇنىڭ بوگۈن كەيپىياتى بۆلەكچىلا ناچار ئىدى، سەۋەبى ھەر قېتىم مېھمان كەلگەندە، موماي يەنە بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە ئۇلارنىڭ گەپ ــ سۆزلىرىدىن قۇسۇر تېپىپلا تۇراتتى:

ــ ئوبدان بالىلىرىم، دىققەت قىلىڭلار، خەقنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس، ــ دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى.

جەمىلە موماي بوگۈن نېمىلا بولمىسۇن، كېلىنى بىلەن پاراڭلىشىپ ئارىدىكى توڭلارنى ئېرىتىش نىيىتىگە كەلگەندى ۋە ئاخىرى غەيرىتىنى يىغىپ ئېغىز ئاچتى:

ــ قىزىم مەريەم، ئاللاھ سېنى مەريەم ئانىمىزنىڭ يېنىدا قىلغاي. بۇ ئاداۋىتىمىز قاچانغىچە داۋاملىشار؟

ــ مەن ئاداۋەت ساقلىمىدىم، لېكىن سىز بىلەن قىلىشقۇدەك بىر گېپىممۇ يوق.

ــ نېمىشقا قىزىم؟ مەنمۇ شۇ سىلەرگە ياخشى بولسۇن دەيمەن.

ــ تولا سۆزلىمە! مەن سېنى ئۆيۈمدە تۇرغۇزۇۋاتقان بولغاندىن كېيىن، تولا ھەممە ئىشىمغا چات كىرىۋالما. سەن ماڭا بەخشەندە ئەمەس!

موماي گەپ قىلغىنىغا مىڭ پۇشايمان قىلدى، كېلىنىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ بېشىغا گويا بىر بولقا بولۇپ تەگكەندى.

مەريەم سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ نېمىلا قىلساق گۇناھ بولىدىغۇ بۇ ئۆيدە!

ــ قىزىم، مەن يامان گەپ قىپتىمەنمۇ؟ كارىۋات ئۈستىدىكى كۆرپىلەرنى خىجىل بولماستىن، بالا ــ چاقا ئولتۇرۇپ كۆرىۋاتىسىلەر، بۇنى ئەلۋەتتە بالىلارمۇ ئۆزنەك ئالىدۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ئايشەن ئاخىرى چىدىماي ۋارقىرىدى:

ــ بولدى قىل ھەي قېرى! سەن ئاشۇ ئۆتۈپ كەتكەن گىرانىت كاللاڭ بىلەن تولا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىمەن دېمە، ئاڭلىدىڭمۇ؟

جەمىلە موماي داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. كاللىسىدىن «مەن راست بەك ئاشۇرىۋەتتىممۇ نېمە؟» دېگەن خىيال كەچتى. گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى -يۇ، لېكىن بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىۋالغاندەك ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. ئامالسىز ئۈن ــ تىنسىز ھۇجرىسىغا كىرىپ، دۇئاغا قوللىرىنى كۆتۈردى، غېرىبلەرنىڭ ساھىبى بولمىش ئۇلۇغ ئاللاھقا يالۋۇردى: «ئەي ئاللاھ ، مېنى بۇلارنىڭ ئالدىدا خار قىلما.»

مەريەمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەنىدى. قانداق قىلىپ بۇ قېرىدىن بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى، ئاخىرى قېينئىنىسىغا ئۆزى تېلېفون قىلىش قارارىغا كەلدى. ئۇ تېلېفۇننىڭ ئۇلىنىشىنى كۈتكەچ ئۆزىچە غۇدۇراپ قويدى: ماڭىلا قالدىغۇ بۇ قېرى، ھەجەپ تويدۇم.

قېيىنئىنىسىنىڭ ئايالى تېلېفوندا مەريەمنىڭ مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇنداق قېرى گرانىت كاللا بىلەن بىر ئۆيدە تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئەقلى بولسا مەريەم خانىمنىڭمۇ مومايىنى باقماي، بىر قېرىلار ساناتورىيىسىگە ئاپىرىۋېتىشىنى تەۋسىيە قىلدى. تۈركان خانىمنىڭ سۆزلىرى مەريەمنى تېخىمۇ تېرىكتۈردى.

مەريەم ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى يولدىشى بىلەن ياخشىراق سۆزلىشىپ نەدىن بولمىسۇن بۇ ئىشنى ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. بولمىسا بۇ موماي ئۇلارغا خاتىرجەملىك بەرمەيتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، ئارىف ئەپەندى ئايالىنىڭ بېسىملىرىغا چىدىيالمىدى ـ دە، ئىنىسى بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

ــ ئوھوي، ئاكا! سەنمىدىڭ؟ ئۇزۇن بوپتۇ كۆرۈشمىگىلى، قانداقراق تۇرىۋاتىسەن؟ ـ دېدى ئىنىسى تېلېفوندا.

ئارىف ئەپەندى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا، ھال ـ ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، مەقسەتكە كۆچتى:

ــ ئاكىف، ساڭا بىزنىڭ بىر ئورتاق مەسىلىمىزنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېلېفون قىلىۋاتىمەن.

ــ قايسى ئورتاق مەسىلىنى دەيسەن؟

ــ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن تارتىپ كېلىۋاتقان دەرتنى دەيمەن.

ــ ھە، ئاپامنى دەۋاتامسەن؟

ــ ھەئە.

ــ ئاپامغا نېمە بولدى؟ ئاغرىپ قالدىمۇ؟

ــ ئاغرىپقۇ قالمىدى، ئەمما مەنچە ئۇنىڭ مۇھىت ئالماشتۇرغۇسى كەلدى. شۇڭا سىنىڭ ئۆيۈڭدە بىر مەزگىل تۇرسا بولارمىكىن، بۇ جەرياندا بىزنىڭ باللارمۇ ئازادىلىككە چىقىپ قالاتتى.

- ھە، مۇنداق دە. پۇل لازىممۇ؟ قانچىلىك لازىم بولسا مەن ئەۋەتىپ بېرەي.

- ئۇكام، مېنىڭ پۇلغا ئېھتىياجىم يوق، مەن ساڭا ئاپامنى ئېلىپ كەتسەڭ دەۋاتىمەن، مېنىڭ باللىرىم بىلەن چىقىشالمايۋاتىدۇ.

ــ ئاكا، ئۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق، بىز مەدەنىي ياشايدىغان بىر ئائىلە. ئاپام بىزنىڭ ئۆيگە تېخىمۇ كۆنەلمەيدۇ.

ــ مۇنداق دە، ئەمىسە سىنىڭ ئائىلەڭ ئېسىل، مېنىڭ ئائىلەم نېمە بولسا كۆتۈرۈۋېرىدىغان كالا قوتىنىكەن - دە؟

ــ ئاچچىقلانما ئاكا، ھەپتە ئاخىرىدا ئۆيۈڭگە باراي، شۇ چاغدا ئوبدانراق مەسلىھەتلىشەيلى. پەقەت بولمىسا ئىككىلىمىزنىڭ ئۆيىگە يېقىن، ياخشىراق بىر ساناتورىيە تېپىپ، ئاپامنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرارمىز، قانداق دېدىم؟

ــ ياشانغانلار ساناتورىيەسىگە دەمسەن؟!

ــ ھەئە، بۇنىڭدىن باشقا چارە بارمۇ؟

تېلېفوننى قويغاندىن كېيىن ئارىق ئەپەندى ئۇن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ تېخى ئىنىسىچىلىك مەدەنىيلىشىپ بولالمىغان

بولغاچقا، ساناتورىيەگە ئاپىرىۋېتىش دېگەن بۇ پىكىر ئۇنىڭغا پەقەت ياقمىغانىدى. ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ بىرلىك مانا مۇشۇنداق ئاستا ـ ئاستا پارچىلىنىشقا يۈز تۇتۇۋاتاتتى. ئارىق ئەپەندىنىڭ بېشى راسا قاتتى، بىر ياقتا خوتۇنىنىڭ تاپا ـ تەنىلىرى، بىر ياقتا ئانىسى. ئۇنىڭ كاللىسىدا زىددىيەتلىك ئوي ـ خىياللار ھۆكۈم سۈرەتتى، نەپسى، ئىمان ۋە شەيتانىنىڭ ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشتا بېرىپ كېلەتتى. ئارىق ئەپەندى ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى: «شۇنچە كەڭ جاھاندا ياشانغانلار ساناتورىيىسىدە تۇرۇۋاتقانلار ئازمىدى، ئانىسىنى ئاپىرىپ بەرسە نېمە بوپتۇ؟ ھەم ئۇ يەردە ھەمراھلىرى بار، زېرىكمەيدۇ. بىزمۇ ھەر ھەپتە بېرىپ يوقلاپ تۇرىمىز. لېكىن بۇنى ئانىسىغا قانداق دېيىش كېرەك؟ ھە راست، ئىنىسى ئاكىنى ھەپتە ئاخىرىدا كېلىمەن دېدىغۇ، بۇ قارارنى شۇ دېسۇن.» ئارىق ئەپەندى يېنىك بىر تىنىدى.

ھەپتە ئاخىرى، موماينىڭ كەنجى ئوغلى سوتچى ئاكىنى، ئايالى تۈركان خانىم ۋە قىزى ئۆزگە ئارىق ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. جەملە موماي كېلىنى ۋە قىزىنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرىنى كۆرۈپ، ئازاپتىن يۈرىكى پۇچۇلاندى. چۈنكى نەۋرىسى ئاسما مايكا ۋە تار ئىشتان كىيىۋالغان، كېلىنى بولسا قىسقا يوپكا كىيگەننى ئاز دەپ تىرناقلىرىنى بولۇشىغا ئۆستۈرۈۋالغانىدى. ئۆزگە مومىسىنى كۆرۈپلا، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدى ۋە:

ـــ ياخشى تۇردۇڭمۇ، مومىشىم؟ ـــ دەپ ئەھۋال سورىدى.

ئـارىن ئەپەنـدى مومايغـا ئېيتىشـتا قىينالغـان قـارارنى ئىنىسـىگە تاپشۇرغانـدى. ئىنىسى: «قىـزىم بـۇ ئىشـنى بىردەمـدىلا ھەل قىلىـدۇ» دېۋىدى، ئۆزگەمۇ دەرھاللا: «چاتاق يوق، كەچلىـك تامـاقتىن كېـيىن، مومام بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن» دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

جەملە موماينىڭ كۆڭلى بىر ئىشلارنى تۇيۇشقا باشـلىدى، ئەممـا زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. بولۇۋاتقان ئىشـلارغا يالغۇز يۈنۈسلا قارشى چىقتى.

كەچلىك تاماقتا ھـېچكىم بىـر ـ بىـرى بىـلەن گەپ قىلىشـمىدى، ھەممەيـلەن خـۇددى كېلىشـىۋالغاندەكلا بېشـىنى كۆتـۈرمەي تامـاق يېيىش بىـلەن مەشغۇل ئىـدى. بـۇ جىمجىتلىققا چىـدىمىغان مومـاي ئاخىرى ئېغىز ئاچتى:

ــ نېمە بولدى سىلەرگە؟ مەنـدىن بىـر ئىشـنى يوشۇرۇۋاتامسـىلەر نېمە؟

ــ ئۇنداقمۇ ئەمەس، يـول ھـاردۇقى يېتىـپ قالغـان ئوخشـايدۇ، ـ دەپ جاۋاپ بەردى ئاكىسى.

ــ شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، ــ دېدى موماي ۋە تامىقىنى يېيىشنى داۋاملاشتۇردى.

كەچلىـك تامـاقتىن كېـيىن مومـاي ئـادىتى بـويىچە ھۇجرىسـىغا كىرىــپ كەتتــى. ئــالاھەزەل يېــرىم ســائەتلەردىن كېــيىن ئــۆزگە مومىسىنىڭ يېنىغا كىردى، مومىسى نامىزىنى ئوقـۇپ بولـۇپ، تەسـۋىي سـېرىپ ئولتـۇراتتى. ئـۆزگە ئاسـتا مومىسـىغا يېقىنلاشـتى ۋە ئۇنىـڭ

يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ چۆچۈپ كەتتى، ئەجەبا مومىسى ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ بولغانمىدۇ؟ بىردىنلا بۇ ئەركە ـ نايناق قىزنىڭ يۈرىكى مۇجۇلدى، قەلبىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئاجايىپ تۇيغۇلار جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ مومىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، چاندۇرماي سورىدى:

ــ ۋىيەي موما، يىغلاپسەنغۇ؟ نېمە بولدى؟

جەمىلە موماي كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، مېھرىبانلىق بىلەن نەۋرىسىگە باقتى ۋە:

ــ دەپ بەرسەم گېپىمنى چۈشىنەرسەنمۇ بالام؟

ــ نېمىلەرنى دەيدىغانسەن موما؟ تۈركچە سۆزلەيدىغانسەن؟

ــ ئەمىسە مەن ساڭا سۆزلەپ بېرەي، ــ دېدى موماي كۆلۈمسىرەپ ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مېنىڭ يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالالمىغانلىقىم، بالىلىرىمنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى تۈپەيلىدىن ئىدى.

ــ جېنىم موما، بۇنىڭغىمۇ مۇشۇنچىۋالا ئازاپلىنامسەن؟ ئۇ كىم، شاش قېرىدىن بىرسىمۇ يا؟ بىزگە تونۇشتۇرۇپ قويمامسەن؟

ــ تـوۋۋا قىل قىزىم، مەن بىزنى ياراتقان ئۇلۇغ ئاللاھنى دەۋاتىمەن.

ــ سەنمۇ قىزىقكەنسەن موما، خۇددى بىز ئاللاھنى تونىمايدىغاندەك، دەپ يۈرگەن گەپلىرىڭنى...

ــ تونۇمسەن؟ ئـاللاھنى راستىنلا تونۇمسـەن؟ ئەمسە ماڭـا بىر چۈشەندۈرۈپ باققىنە قېنى.

ــ ھەممە نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان....

ــ يەنىچۇ؟

ــ يەنە...

ــ باشقا يەنە نېمە بار؟ ئۇ بىزنى ياراتتى، بىزمۇ ئۇنى سۆيىمىز. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان موماي ئىختىيارسىز ئاھ ئۇردى.

ــ جېنىم قـوزام، ئـاللاھنى راسـت سۆيەمسـەن؟ ــ دەپ سـورىدى نەۋرىسىدىن.

ــ ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا شەك يوق، ــ دەپ جاۋاپ بەردى ئۆزگە.

ــ خوش، ئەمسە قانداق سۆيىسەن؟

ــ ئۇ نېمە دېگىنىڭ؟

ــ ئاللاھ ئىنساندىن قانداق سۆيگۈنى تەلەپ قىلىدۇ؟

ــ بۇنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ــ ئۇنـداقتا، ئاللاھنىـڭ بىزنـى نېمىشـقا يـاراتقىنىنى، بىـزدىن نېمىلەرنـى تەلەپ قىلىـدىغىنىنى ۋە بىزنىـڭ ئۈستىمىزگە يـۈكلەنگەن ۋەزىپىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ باقتىڭمۇ؟

ــ بىزگە تېخى ۋەزىپىمۇ بەرگەنمۇ؟

ـ شـۇنداق بولمـايچۇ، بىزنـى يـوقتىن بارلىققـا كەلتۈرۈشـى، بىـزگە مۇشـۇنچىۋالا ئىمكـانىيەتلەرنى يارىتىــپ بېرىشـى ئەلـۋەتتە سەۋەبسـىز ئەمەس.

ــ قانداق ۋەزىپە ئۇ؟

ــ قۇللۇق ۋەزىپىسى. شۇنداق، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا قۇللۇق قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىز ۋەزىپىمىزنى تونۇشىمىز ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتىن ھەرگىزمۇ باش تارتماسلىقىمىز كېرەك.

ــ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشقا ئوخشاشمۇ؟ ئەمما مەن، «ناماز ئىنسانىنىڭ قەرزى، بۇ دۇنيادا ئوقۇيالمىسا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا تولۇقلىسا بولىدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدىم...

ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟ ئۇ دۇنيادا ناماز ئوقۇلمايدۇ. ئىبادەت پەقەت بۇ دۇنياغىلا خاستۇر. «بۇ دۇنيادا قىلالمىساڭ، ئۇ دۇنيادا تولۇقلايسەن» دەيدىغان گەپ يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىبادەت پەقەت ناماز ئوقۇش ۋە روزا تۇتۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ئىنسان ھاياتىنىڭ پۈتۈن قىسمىغا، يەنى بالا تەربىيىلەشتىن سودا ـ سېتىققىچە، قوشنىدارچىلىقتىن دۆلەت ئىشلىرىغىچە سىڭىپ كىرگەن بولىدۇ.

ئۆزگە مومىسىنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ ئەمىسە سەن ناماز ئوقۇيسەن، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىسەن، ئۇنداقتا يەنە نېمىگە ئازاپلىنىسەن؟

جەملە موماي نەررىسىنىڭ بېشىنى سىلىغاچ جاۋاب بەردى:

ــ جېنىم قىزىم ، مەن سېنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ــ ئاناڭ ئۈچۈن ئازاپلىنىۋاتىمەن.

ئۆزگەنىڭ ئەمدىلىكتە ئىشى تەسلىشىشكە باشلىغانىدى. ئۇ بىردىنلا مومىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

ــ موما، مېنىڭ ئۈچۈن ئازاپلىنىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق، خۇداغا شۈكرى، ھېچنەرسەم كەم ئەمەس. ئۇنىۋېرسىتېتقىمۇ ئۆتتۈم، دادام ئاغزىمدىن چىققىنىنى قىلىپ بېرىدۇ.

ــ ۋاي بالام! كاشكى ھەممە نەرسە سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ بىلەنلا تۈگىگەن بولسا. بۇنىڭ بىلەنلا ئەبەدىي خۇشاللىققا ئېرىشەلەمسەن؟ دۇنيا ھاياتىنىڭ قانچە كۆڭۈلۈك ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ بۇ ئۆتكۈنچى بەخت ھەقىقىي بەخت بولالامدۇ؟ بۇنىڭ كىچىك بالىنىڭ قولىدىكى ئويۇنچۇقتىن نېمە پەرقى بار؟

ــ ۋاي ـ ۋۇي موما! بىزگىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن. تۆت كۈنلۈك ئالەمگە نېمانچىلا قىلىپ كېتىمىز؟

ــ بۇ ئالەم تۆت كۈنلۈك بولغاچقىلا ھاياتىمىزنى تېخىمۇ مەنىلىك ئۆتكۈزىشىمىز كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ئۆزگە ئويلىنىپ قالدى: «مەنىلىك ياشاش دېگەن نېمىدۇر؟ مومام غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىدىغۇ؟!» ئۇ بۇ كەمگىچە مومىسى بىلەن بۇنچىلىك ئۇزۇن پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. ئۇ بىردىنلا بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بۇ ئىشنىڭ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، مومىسىغا:

ــ ئاللاھ ئوقۇغان نامىزىڭنى قوبۇل قىلسۇن، مەن چىقاي موما، مېنىڭ بەختىمگە دۇئا قىلىپ قويغىن، بولامدۇ؟! ـ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە بالام، ھەردائىم قىلىۋاتىمەن.

ئۇ مومىسىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىشىغا ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن باقتى. ئۆزگە:

ــ مەن قىلالمىغۇدەكمەن. توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىشنى مومامغا ئېيتىشتىن ۋاز كەچتىم. ئەڭ ياخشىسى ئۆز ئىشىڭلارنى ئۆزەڭلار بىر تەرەپ قىلىڭلار، ـ دېدى ۋە بىر چەتكە ئۆتۈپ ئولتۇردى.

مەريەمنىڭ كەيپى ئۇچتى. ئارىپ ئەپەندى:

ــ مېنىڭ كۆڭلۈم بىر قىسىملا تۇرىدۇ. ئەڭ ياخشىسى باشقا بىر ئامال تاپساقمىكىن، ـ دېدى. ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، مەريەم:

ــ مەن تويدۇم. يا تەڭ باقمىز ياكى بولمىسا مەن بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن، ـ دېدى.

ئايشەن بولسا، سوتچى تاغىسىنىڭ ئىلغار پىكىرلىرىگە ئىشەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى:

ــ تاغا! مومام ئۇ قالاق ئىدىيىسىدىن پەقەت ۋاز كەچمەيۋاتىدۇ.

تۈركان خانىم ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي:

ــ قانداق دەيسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ بۇ ئۆيدە مومام بىزنى تېلېۋىزور كۆرگىلى، گىرىم قىلىپ ياسانغىلى قويمايدۇ. ھەتتا بۇرۇلكا كىيىشىمىزگىمۇ قارشى تۇرىدۇ.

ــ قېرى جاھىلنىڭ ئۆزى دېگىنە! ھېلىمۇ ياخشى ئۆيىمىز يېقىن بولۇپ قالماپتۇ، ـ دېدى تۈركان خانىم ۋە ئېرىگە قاراپ:

ــ قەدىرلىكىم! شۇنچە كۆپ دىنچىنىڭ دېلوسىنى بىر تەرەپ قىلىشقانىسەن. قارا، ئاناڭمۇ سېپى ئۆزىدىن دىنچى ئىكەن. ياشانغانلار ساناتورىيىسى ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ـ دېدى. ئارقىدىنلا ئولتۇرغانلارغا:

ــ بۇ ئىشنى زادى ھەل قىلمىساق بولماپتۇ، ـ دېدى.

باياتىن بېرى خىيالچان ئولتۇرغان يۇنۇس ئېغىز ئاچتى:

ــ دېمەك، ئانىلارنى كوچىغا تاشلىۋېتىش، ئۇنى كۆرەر كۆزى قالماسلىق، بىللە ياشاشنى خالىماسلىق مەدەنىيلىكنىڭ ئىپادىسى ئىكەندە؟ تووۋا!...

ئايشەن ئۇنىڭ گېپىگە قارشى چىقتى:

ــ بۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقىۋاتامدۇ؟

ئارىف ئۇلارنى جىملىدى:

ــ بولدى، تالاشماڭلار!

سوتچى ئەپەندى گەپكە ئارىلاشتى:

ــ ئەمىسە، بىر مەزگىل ساناتورىيەگە ئاپىرىپ سىناپ باقايلى. ئەگەر كۆنەلمىسە، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى چاقىرىپ، قارارىمىزنى بىرلىكتە ئېيتايلى!

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. ئۆزگە مومىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ:

ــ موما! سىزنى چاي ئىچسۇن دەيدۇ، ـ دېدى.

ــ شۇنداقمۇ؟ ئىچمىسەممۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟

ــ ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، بىزمۇ ئەتىلا كېتىمىز.
ــ ھە، مەيلى ئەمىسە.
ئۆزگە بىردەم ئويلىنىپ قېلىپ، مومىسىدىن پەس ئاۋازدا سورىدى:
ــ موما، نېمىشقا يەڭگەم بىلەن چىقىشالمايسىلەر؟
ــ كىم شۇنداق دەيدۇ؟
ــ ھېچكىمغۇ ئۇنداق دېمىدى، ئەمما مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇرمامدۇ؟
جەملە مومايمۇ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:
ــ بالام، قېرىغاندا خەقكە يۈك بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. زامان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، زامانغا ئەگىشىپ ئىمان ـ ئېتىقادىمىزمۇ ئايىنىپ كېتىپ بارىدۇ. مەن بەزى ئىشلارغا چىداپ تۇرالماي، ئارتۇق گەپ قىلىپ قويىدىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەنلا سۈركىلىش باشلىنىدۇ. ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟
ــ موما، غەلىتىلا گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن، تەرەققىيات دېمەك، ئىمانسىزلىقتىن ئىبارەتمۇ؟ بىز زامانغا ماسلاشماي قانداق قىلىمىز؟
ــ بالام، تەرەققىيات دېگەن، ئىسلامغا، قۇرئانغا، ئىمانغا زىت بولمىسىلا، ھېچكىممۇ تەرەققىياتنى ئىمانسىزلىق بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويالمايدۇ. ئەمما تەرەققىيات ئەقىدىلىرىمىزنى دەپسەندە قىلسا، تەرەققىيات بىزنى ئاللاھتىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇۋەتسە، ئاللاھنىڭ ئەمر ـ ھۆكۈملىرىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇرلىسا، ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟

ـــ چۈشــەندىم، ئەمما بىــز تېخــى يــاش. ئــاللاھ كەچۈرۈۋېتىــدۇ، شۇنداققۇ؟

ـــ جېنىم قىــزىم، قارىغانــدا، سەن بۇ تېمىلارغىا قىزىقىدىغانــدەك تۇرىســەن. ئايشــەن بولســا، مېنىــڭ گەپلىرىمنــى قېتىغىمــۇ ئىلىــپ قويمايدۇ.

ـــ مەن بۇرۇن بۇ ھەقتە ھېچ ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

ـــ سوئالىڭغا جاۋاب بېرىــۋېتەي، داداڭــلار ســاقلاپ كەتتــى. ســەن ئاللاھنىڭ كەچۈرۈۋېتىــدىغانلىقىنى نەدىــن بىلىســەن؟ ئــاللاھ خالىسا كەچۈرىــدۇ، ئەممــا كەچۈرۈشــنىڭمۇ شــەرتلىرى بولىــدۇ. ئاللاھنىــڭ كەچۈرۈشى ئۈچۈن، بەندە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك.

ـــ قانداق تىرىشچانلىق؟

ـــ ئــاللاھ تائــالا قۇرئــان كەرىمــدە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــاللاھ قوبــۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغــان تەۋبە يامــانلىقنى نــادانلىقتىن قىلىــپ سېلىــپ، ئانــدىن ئۇزۇنغــا قالمــاي (يەنــى ئۆلــۈم كېلىشــتىن بــۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىســىدۇر؛ ئــاللاھ ئەنە شــۇلارنىڭ تەۋبىســىنى قوبــۇل قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىنــى بىلىــپ تۇرغۇچىــدۇر، ھېكمەت بىــلەن ئىــش قىلغۇچىدۇر. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بىشىغا ئۆلــۈم كەلــگەن چاغدا، ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسىنى ۋە كاپىر پېتــى ئۆلگۈچىلەرنىــڭ تەۋبىســىنى (يەنــى ئۆلــۈم ئالدىــدا ئىمــان ئېيتــتىم

دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق»[1].

مومايىنىڭ سۆزلىرى قىزغا ھەقىقەتەن تەسىر قىلغانىدى. بۇنى سەزگەن موماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بىز تېخى ياش دەيسەن. ساڭا ياشلىقنى ئاتا قىلغان كىم؟ نېمشقا ئاتا قىلدى؟ ساڭا بۇنى ئۆزەڭ بىلگەنچە ياشا دەپ بەردىمۇ؟ ياشلارنىڭ ئاللاھقا ئېھتىياجى يوقمۇ؟ ھەيھات!... ياش ۋاقتىدا قىلىنغان ئىبادەت ئاخىرەتتە قۇياشتەك چاقنايدۇ. قېرىغىچە ياشىشىڭغا كاپالىتىڭ بارمۇ؟ بولسىمۇ، ئۇ چاغدا، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىشقا ماغدۇرۇڭ يەتمەسلىكى مۇمكىن. بىر رىۋايەتتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن...

ــ پەيغەمبىرىمىز؟

ــ شۇنداق، ئۇ، ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى بولۇپ، ئۇ: «بەش تۈرلۈك ئىش بېشىڭلارغا كېلىشتىن بۇرۇن، بەش تۈرلۈك نەرسىنىڭ قەدرىگە يېتىڭلار!» دېگەنىدى.

ــ قايسى بەش نەرسە ئۇ؟

ــ كېسەل بولۇشتىن بۇرۇن سالامەتلىكىنىڭ؛ قېرىلىق يېتىشتىن بۇرۇن ياشلىقنىڭ؛ يوقسۇللۇقتىن بۇرۇن بايلىقنىڭ؛ ئالدىراشچىلىقتىن بۇرۇن بىكار ۋاقتىنىڭ؛ ئۆلۈمدىن بۇرۇن ھاياتىنىڭ قەدرىنى بىلمەكتۇر.

[1] سۈرە نىسا، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.

ــ ئاجايــــپ ھېكمەتلىــــك ســۆز ئــكەن. ھاياتنىــــڭ پۈتــۈن ھېكمەتلىرى بۇ سۆزلەرگە يىغىنچاقلىنىپتۇ. موما ئەمدى چىقايلىمۇ؟ دادام دىنچى دېسە، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرىدۇ. بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاپ مەنمۇ دىنچى بولۇپ كەتسەم، دادام مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، خۇدايىم ساقلىسۇن!

ئۇلار مېھمانخانىغا چىقىشتى. تېلېۋىزورنىڭ ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەن جەملە موماي تولىمۇ ئەجەبلەندى. ئۇلار بىردەم ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن، كېلىنى تۇركان خانىم تېمىنى ئەسلى مەقسەتكە يۆتكىدى، يۆتكىمەيمۇ بولمايتتى. ئۇنداق قىلمىغاندا، قېينانىسىنى ئېلىپ كېتىپ بېقىشقا مەجبۇر بولاتتى. مەريەم خانىم بولسا، بۇ قېتىم مومايىنى كەتكۈزۈۋېتىشتە قەتئىي قارارغا كەلگەندەك كۆرۈنەتتى.

ــ ئانا، بۇ ئۆيدە پاراڭلاشقۇدەك ئادىمىڭمۇ يوق، زېرىكىپ قالغانسەن؟

جەملە موماي گاڭگىرىغان ھالدا:

ــ گېپىڭنى چۈشىنەلمىدىم قىزىم، ـ دېدى.

ــ دوستلىرىڭمۇ يوق دېمەكچىمەن. شۇڭا بىز سېنى دوست تاپقۇدەك بىرەر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى ئويلىشىۋاتىمىز.

ــ قانداق يەر ئۇ؟

ــ مېنىڭ بىر دوستۇم ئاپىسىنى ئاپىرىپ قويۇپتىكەن، ئاپىسى ئۇ يەرنى شۇنداق ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

مومايىنىڭ تۇيغۇن كۆڭلى بىر ئىشنى سەزدى ۋە پۈتۈن بەدىنىنى مۇزدەك تەر باسقاندەك بولدى. بىردىنلا خىيال قۇشلىرى ئۇنى ئۆتمۈشكە ئېلىپ كەتتى، ئىككى ئوغلىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە تارتقان جاپالىرى، كۆرگەن خورلۇقلىرى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ ـ بىر ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ چاغلاردا جەملە بىنالارنىڭ پەلەمپەيلىرىنى تازىلاپ تاپقان ئازغىنە پۇلى بىلەن تۇرمۇشىنى ئاران قامدايتتى. ئۇ تازىلايدىغان بىنادا ئولتۇرىدىغان بىر قېرى موماي بىر كۈنى ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەنىدى:

— ھەي... جەملە، بىر ئانا ئون بالىنى باقىدۇ، بىراق ئون بالا بىر ئانىنى باقالمايدۇ. سەن قېرىپ كۈچۈڭدىن قالغاندا، ئۇ بالىلىرىڭ ساڭا قارارمۇ؟

جەملە موماي شۇ گەپنى ئەسلەپ قالدى. بىردىنلا بوغۇزىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى ياشقا تولدى. ئۆي سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. ئۇ ئولتۇرغانلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. يۇنۇسنىڭ كۆزلىرى نەملەنگەنىدى. موماي پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ:

— مەن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭلارنى چۈشەندىم. مەن شۇ تاپتا سىلەردىن ئەمەس، سىلەرگە بۇ ئاڭنى سىڭدۈرۈۋەتكەنلەردىن نەپرەتلىنىۋاتىمەن. سىلەر دۈشمەننى كۈلدۈرۈپ، دوستنى يىغلىتىۋاتىسىلەر. ئەمما نېمە قىلىۋاتقىنىڭلارنى ئۆزەڭلارمۇ بىلمەيسىلەر ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايسىلەر.

جەمىلە موماي ئىغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ ھوجرىسىغا كىرىپ كەتتى. سوتچى ئاكىفتىن باشقىلىرى ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغانىدى. بىرىنچى بولۇپ، ئۆزگە سورىدى:

ــ موماڭنىڭ گېپىنى قايسىڭلار چۈشەندىڭلار؟

دادىسى جاۋاب بەردى:

ــ موماڭنىڭ بۇ گەپلىرىگە نۇرغۇن مەنىلەر يوشۇرۇنغان.

نىھايەت، مەريەم خانىم مۇرادىغا يەتكەن بولدى. ئايشەنىمۇ ئۆزىنىڭ ئەركىن ــ ئازادە ياشىشىغا توسالغۇ بولغان مومىسىدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش ئىدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، مومايىنى ساناتورىيەگە ئاپىرىپ قويۇشتى. ئۇنىڭغا ئۆيدىن ئايرىلىش تولىمۇ ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ساناتورىيەدە ياشاشقا مەھكۇم ئىدى.

. . . . .

ئۆزگە ئۆيدە چامادانلىرىنى يىغىشتۇرغاچ ئاپىسىدىن:

ــ ئاپا، تەنتەربىيە ئىشتانلىرىم نەدە؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ئىشكاپقا قويۇپ قويدۇم. قىزىم، ھەممە نەرسەڭنى تولۇق يىغىشتۇر. قىشلىق كىيىملىرىڭنى قويماي ئېلىۋالغىن. سەن ئوقۇيدىغان يەردە قىش بەك قاتتىق بولىدۇ دەپ ئاڭلىدىم.

ــ ماقۇل ئاپا.

ــ مەكتىپىڭىزنىڭ ئەرزىيەتلەرنى چىققىنىنى قارىمامدىڭىزنى. سېنى سېغىنىپ كېتىدىغان بولدۇم ـ دە. ھەي، ئامال قانچە؟

شۇ ئەسنادا، تېلېفون جىرىڭلىدى. تۇركان خانىم تېلېفوننى ئېلىپ قىزىنى چاقىردى:

ــ قىزىم، سەلچۇق تېلېفون قىلىپتۇ.

ئۆزگەنىڭ ئىچى سىقىلدى. خۇشياقمىغاندەك بېرىپ، تېلېفوننى ئالدى ۋە سۆزلىشەر ـ سۆزلەشمەيلا قويۇۋېتىپ، ئۆزىچە كوتۇلدىدى:

ــ ئەجەب قۇتۇلالمىدىم بۇنىڭدىن.

ــ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن قىزىم؟

ــ بۇدۇشقاقتەكلا بىر نېمە. شۇنچە ئارىلىشىپمۇ، ئۇنىڭغا ھېچ كۆڭلۈم چۈشمىدى. ئۆزىگىمۇ دېدىم بولمىسا. يەنە شۇنداق يېپىشقىنى يېپىشقان.

ــ بوپتۇ، بەك جىق ئويلاپ كەتمە. بەرىبىر كېتىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇ يەردىن باشقا بىرىنى تاپارسەن.

ئۆزگە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتۈپ، ئەرزىيەتلەرنى ئوقۇشقا ماڭغانىدى. نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرغاچ، كاللىسىدا: «ئەجىبا ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسىغا، مۇھىتىغا كۆنەلەرمەنمۇ؟ ھەممە نەرسە مەن ئۈچۈن شۇنداق يات» دېگەن خىيال كېزەتتى. ئۇنىڭ مېڭىشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئىشى ساناتورىيەگە بېرىپ، مومىسىنى يوقلاش ئىدى. ئۇ ئەتىسى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، مومىسىنىڭ قېشىغا باردى. مومىسى روھسىز كۆرۈنەتتى. كۆڭۈلسىز ئۆزگە ئايرىپ

بىرىلگەن كىچىك ھۇجرىسىدىن چىقمايتتى. ئۇ يەردىكى بەزى ياشانغانلارنىڭ جېدەل ـ ماجىرالىرى باللىرىنىڭ غەۋغالىرىدىنمۇ بەتتەر قۇلاق ـــ مېڭىسىنى يەيتتى. پائالىيەت ئۆيىدە ئەرلەر ئولتۇرۇۋالغاچقا، موماي ئۇ يەرگىمۇ چىقالمايتتى.

ئۆزگە بىر ھازاغىچە لام ـ جىم دېمەي تۇرۇپ قالدى ھەم دېگۈدەك گەپمۇ تاپالمايۋاتاتتى. مومىسىنىڭ چىرايىغا سەپسالغان كىشى ئۇنىڭ روھى ھالىتىنىڭ قانداقلىقىنى دەرھال ئۇقۇۋالاتتى. موماي بۇ مەزگىل ئىچىدە تېخىمۇ قېرىپ كەتكەندى.

ئۆزگە چىۋىن يەۋالغاندەك غەشلىك ئىچىدە ساناتورىيەدىن ئايرىلدى. مومىسى بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىنسابىغا دۇئا قىلىپ قالدى.

* * * * *

ئايشەن قولىدىكى ئىمتىھان نەتىجىسى يېزىلغان قەغەزنى پۇلاڭلاتقىنىچە، ئۆيگە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كىردى ۋە:

ــ ئاپا، ئاپا، سەن قەيەردە؟ مەن ئىمتىھاندىن ئۆتتۈپتىمەن! ئاھ خۇدا، راستىنلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ! ـ دەپ ۋارقىرىدى.

ئالدىراش چىقىپ كەلگەن مەريەم خانىم:

ــ ئۆزۈڭنى بېسىۋال قىزىم، قايسى ئىمتىھاندىن ئۆتتۈپسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ئايشەن خوشاللىقىدىن ۋارقىرايتتى، سەكرەيتتى. ئاپىسىغا ھاياجان بىلەن جاۋاپ بەردى:

— پوچتىخانا ئىمتىھانىدىن ئۆتتۇم!

مەريەم خانىم سۆيۈنگەن ھالدا قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى:

— ساڭا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر ئاللاھىم! قىزىم ئاخىرى مۇرادىغا يەتتى. ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلدىڭ ئاللاھىم!

ئاكىسى ئەپەندىمۇ بۇ خەۋەردىن بىشى كۆككە يەتكەندەك بولدى. ئايشەن ئەمدى تەقسىماتقىلا قاراپ قالغانىدى، تېخى تۈنجى مائاشىنى ئېلىپ قۇربانلىق قىلماقچىمۇ بولدى. ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى سۆيگىنى ۋۇرالغا يەتكۈزۈشكە ئالدىرىدى.

بۇ ئەسنادا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى، يۇنۇس قايتىپ كەلگەنىدى. مومىسى ساناتورىيىگە ئاپىرىۋېتىلگەندىن بېرى ئۇنىڭ قايىقى ئېچىلمايۋاتاتتى. ئۆيدە ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. ئايشەن ئاكىسىدىن:

— تېپىپ باقە، بۈگۈن نېمە ئىش بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.

— بۇنچىۋالا خۇش بولۇپ كەتكىنىڭگە قارىغاندا، جەننەتتىن خۇشخەۋەر كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

— مەمۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈم!

— ھە، شۇنداقمۇ؟ سېنى كۆرگەن كىشى جەننەتتىن خەۋەر ئالغان ئوخشايدۇ دەپ قالغۇدەك.

— مېنى قىزغىنىۋاتىسەن ـ ھە؟

— نېمىشقا قىزغانغۇدەكمەن؟
— چۈنكى سەن ئۆتەلمىدىڭ.
— كىمنىڭ مەمۇر بولغۇسى كەپتۇ؟ مەن ئۇنىۋېرسىتېت ئىمتىھانىغا قايتا كىرمەكچى ھەم ... بولدىلا، دېمەيلا قوياي.
— نېمە دېمەكچىدىڭ؟
— مەن سېنىڭ ئورنىڭدا بولغان بولسام، يىغلىغان بولاتتىم.
— نېمىشقا؟
— نېمىشقا بولاتتى؟ چۈنكى موماملنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشكە سەن سەۋەبچى بولدۇڭ، - دېدى ۋە ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتمەيلا ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ كارىۋىتىغا ئۆزىنى تاشلاپ، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىككىنىچە خىيالغا كەتتى.
ئوغلىنىڭ سۆزلىرىدىن بىر قىسما بولۇپ قالغان مەريەم خانىم يۇنۇسنىڭ كەينىدىن كىرىپ، كارىۋاتنىڭ قىرىغا ئاستاغىنە ئولتۇردى. ئوغلىغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن:
— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ نېمە دەردىڭ بار؟ - دەپ سورىدى.
يۇنۇس ئۈنچىقمىدى. ئاپىسى يەنە سورىدى:
— زادى نېمە ئىش بولدى؟ ئەگەر نۇرتەنىنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ئويلىشىۋاتقان بولساڭ، مەن داداڭ بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، پات يېقىندا ئەلچى ئەۋەتەيلى. ئەگەر ئىش تېپىپ قالساڭ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، ئۆيلۈكنى بېقىپ كېتەلەيسەن.
يۇنۇس ئاپىسىغا قاراپ قويۇپ، كۆزلىرىنى يەنە تورۇسقا تىكتى ۋە:

ــ بىلمەيمەن، بىلەلمەيۋاتىمەن، ـ دېدى.

ــ نېمىنى بىلەلمەيۋاتىسەن؟

ــ كۆڭلۈم بەكمۇ پاراكەندە. مومامنى ئويلاۋاتىمەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆلۈپ كېتىپ قالسىمۇ، بىز يېنىدا بولالمايمىز. كاللامدىن پەقەتلا ئۆتمەيۋاتىدۇ. دادام سودىگەر، تاغام سوتچى تۇرۇپ، ئانىسىنى ساناتورىيەگە، ئىگە ـ چاقىسىزلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويدى.

يۇنۇسنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغاندى. ئاپىسى:

ــ ئۇ يەردە تۇرۇۋاتقان يالغۇز سېنىڭلا موماڭمىدى؟ شۇنچە جىق ئادەم بارغۇ؟

ــ شۇنداق، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بالىلىرى بىزگە ئوخشاش ۋاپاسىز، ۋىجدانسىز. بىچارە مومام ئىككى بالىسىنى خەقنىڭ ئۆيلىرىنى تازىلاپ يۈرۈپ چوڭ قىپتىكەن. ئەمدىلىكتە بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئاپا، ئۇ سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى تەۋسىيە قىلىشتىن باشقا نېمە گۇناھ قىلدى، دەپ باققىنە؟!

مەريەم خانىم تاقەتسىزلىنىپ، گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى:

ــ ماڭا قارا بالام، سەن نۇرتەنگە خەۋەر بەرگىن. بۇ ھەپتە ئاخىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارايلى. سەنچە قانداق؟ بەلكى كەيپىياتىڭ ياخشىلىنىپ قالار.

ــ ھە مەيلى ئاپا. ئۆزىمۇ نەچچە ۋاقتتىن بېرى سۈيلەۋاتاتتى. ئۇنىڭغا باشقا يەرلەردىنمۇ ئەلچى كەلگەن ئوخشايدۇ.

ــ ھە، ئەسلىدە ئېچىلالماي يۈرگىنىڭنىڭ سەۋەبى مۇشۇكەندە؟

ــ شۇنى ئۇنتۇپ قالمىغىن ئاپا، سەنمۇ قېيىنئانا بولىسەن.

ــ ئەمىسە مەن چىقاي، قىزغا خەۋەر بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.

ئاپىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۇنۇس ئورنىدىن تۇرۇپ، نۇرتەنىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى ئىزدەش ئۈچۈن تارتمىنى ئاختۇرۇۋىدى، قولىغا بىر پارچە قەغەز چىقتى. ئۈستىدە «ئۆمەر فارۇق» ئىسىملىك بىرسىنىڭ تېلېفون نومۇرى تۇراتتى. يۇنۇس ئۇنىڭ كىملىكىنى دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىپ، ئاخىرى بۇ نومۇرنىڭ ھېلىقى كۈنى بېكەتتە تونۇشقان يىگىتنىڭ نومۇرى ئىكەنلىكى يادىغا كەلدى. يۇنۇس ئالدى بىلەن نۇرتەنگە تېلېفون قىلىپ، يەكشەنبە كۈنى ئەلچىلىككە بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ئارقىدىنلا ئۆمەر فارۇق بىلەنمۇ كۆرۈشۈش ئۈچۈن كېلىشىپ قويدى.

ئۇ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، ئاپىسىغا: «ئاپا، نۇرتەنگە دەپ قويدۇم، يەكشەنبە كۈنى بىزنى ساقلايدىغان بولدى. مەن ھازىر سىرتقا چىقىمەن، بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم» دېدى ــ دە، ئۆيدىن چىقتى.

يۇنۇس يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۆمەر فارۇق ئىشلەيدىغان «يۇلتۇز بولكىخانىسى» غا يېتىپ كەلدى. يول ئېلىش ئورنىدا ئولتۇرغان كىشىدىن ئۆمەرنى سورىۋېدى، ئۇكىشى ئۇنىڭ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، سەل تۇرۇپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس بىر چەتتە ئولتۇرۇپ

ساقلاشقا باشلىدى. ئاردىن ئون مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆمەر فارۇق قايتىپ كەلدى، يۇنۇسنى كۆرۈپ، خۇشچىراي بىلەن:

ــ خۇش كەپسەن! ـ دېدى.

ــ رەھمەت، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دېدى يۇنۇس.

ــ ياخشى، مەن تېخى سېنى ئەمدى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن.

ــ تېلېفون نومۇرۇڭنى تارتمىغا سېلىپ قويۇپ شۇ پېتى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۈگۈن توساتتىن تېپىۋېلىپ، شۇ ھامانلا تېلېفون قىلغانىدىم.

ــ ئەمىسە بىزگە بۈگۈن كۆرۈشۈش نېسىپ بولغان ئوخشايدۇ. بىردەم ساقلاپ تۇرغىن، مەن خوجايىندىن رۇخسەت ئالاي، ئىككىمىز چىقىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشايلى.

ئۇلار بولكىخانىنىڭ يېنىغىلا جايلاشقان بىر چايخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئالدى بىلەن ئۆمەر فارۇق ئېغىز ئاچتى:

ــ ئىسمىمنى بىلىسەنغۇ دەيمەن، ئۆمەر فارۇق. بۇ يىل 20 ياشقا كىردىم، كەچلىك كۇرستا ئوقۇۋاتىمەن. ھەدەم بىلەن بىللە تۇرىمەن.

ــ مېنىڭ ئىسمىم يۇنۇس. بۇ يىل 19 ياشقا كىردىم، دادام «چاقماق ئوغۇللىرى سودا مەركىزى» نىڭ خوجايىنى. بۇ يىل ئۇنىۋېرسىتېت ئىمتىھانىغا كىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلغاچ، بىر تەرەپتىن ئىش ئىزدەۋاتىمەن.

ــ ئـۆزەڭ ياخشــى تۇرغانســەن؟ ســېنىڭ كېلىشــڭنى ئۈمىد قىلىپمــۇ باقماپتىكەنمەن.

ــ ياخشـى. سـەنمۇ ياخشـى تۇرۇۋاتقانـدەك قىلىسـەن. ھە راسـت، سۆيگىنىڭ بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىسەن؟

ئۆمەر فارۇق بۇ كۈتۈلمىگەن سـوئالغا نـېمە دەپ جـاۋاپ بېرىشـنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. يۇنۇس سۆزىنى داۋام قىلدى:

ــ قايسى كۈنى بېكەتتە سۆيگىنىڭ بـارلىقنى دېـگەن ئـىدىڭغۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتامسەن؟

ئـۆمەر فـارۇق بىـردىنلا يۇنۇسـنىڭ نـېمە دېمەكچـى بولغـانلىقنى چۈشەندى ۋە:

ــ ھە، ئەمدى ئېسـىمگە كەلـدى. مەن سـۆيگىنىم بىـلەن ياخشـى ئۆتۈۋاتىمەن دەپ قارايمەن، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئويلايدىغانلىقى ماڭـا قاراڭغۇ.

ــ دېمەك، سېنىڭكىسى يوشۇرۇن سۆيگۈ ئىكەندە.

ــ بىلمەيمەن. سەن سۆيگىنىڭ بىلەن قانداقراق ئۆتۈۋاتىسەن؟

ــ بىزنىـڭ ئۆيـدىكىلەر ئالـدىمىزدىكى يەكشـەنبە كـۈنى ئۇنىـڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بارىدىغان بولۇۋاتىدۇ.

ــ شۇنداقمۇ؟ ئاللاھ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلسۇن!

ــ ئامىن. سەنمۇ مۇرادىڭغا يەتكەيسەن!

ــ ئامىن.

ــ بىز بۇنىدىن كېيىن داۋاملىق كۆرۈشۈپ تۇرايلى، بولامدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، خۇشاللىق بىلەن.

ئۇ ئىككىسى يەنە بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن قايتماقچى بولۇپ قوزغالدى. شۇ ئەسنادا ئۆمەرنىڭ يىزنىسى كېلىپ قالدى ۋە ئۆمەرگە:

ــ بۈگۈن كەچلىك تاماقنى ھەدەڭ بىلەن سىرتتا يەيمىز، ساڭا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قويۇپ قويغىلى كەلدىم، ــ دېدى ۋە ئاچقۇچنى قويۇپ قويۇپ كېتىپ قالدى.

ئۆمەر يىزنىسىنىڭ ئاچقۇچ قويۇپ قويغىلى كەلدىم دېگىنىنىڭ ئەمەلىيەتتە بىر باھانە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. يېقىندىن بېرى يىزنىسى ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلغان بولۇپ، ئۆمەرنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە كېلىپ ئۇنى كۆزىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆمەر بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمەيتتى، لېكىن ئۇ ئىشلەپ تاپقان پۇلنى ھەدىسى ۋە يىزنىسىنىڭ گۇناھ ئىشلارغا سەرپ قىلىشى ئۇنى تولىمۇ ئازابلايتتى. يىزنىسى كەتكەندىن كېيىن، ئۆمەر يۇنۇسقا قاراپ:

ــ بۈگۈن كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ئۆيدە ھېچكىم يوق، پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، ـ دېدى.

ئۆيدىن زېرىكىپ تۇرغان يۇنۇس ھېچ ئويلانمايلا ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار ئۆمەر ئىشتىن چۈشكەندە قايتا كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئايرىلىشتى.

يۇنۇس بىلەن ئىككىسى ئۆمەرنىڭ ئۆيگە كەلدى. ئۆمەر چاي دەملەش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت ياقتى. چاي قاينىغىچە مېھمانخانىدا

بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. يۇنۇس ئۆيگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن:

ــ ئۆيۈڭلارنى كاتتا بېزەپسىلەر، ـ دېدى.

ــ ھەدەم (ئاللاھ ئۇنىڭغا ھىدايەت ئاتا قىلسۇن) بۇنداق ئىشلارغا بەكمۇ قىزىقىدۇ. ئۆزى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى. يېزنەم مالىيە ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ.

ــ بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇنچىۋالا كاتتا بولۇشىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. كەچۈرگىن، تەنقىد قىلغىنىم ئەمەس، پەقەتلا ھېس قىلغانلىرىمنى ئېيتتىم.

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. لېكىن ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق قىزىقىشى بولىدۇ.

ــ مەنچە سىلەر ئائىلە بويىچە مۇتەئەسسىپ ئىكەنسىلەر.

ــ ياق، مەن مۇتەئەسسىپ ئەمەس. مۇتەئەسسىپلەر بىر ئىشقا قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ، قارىغۇلۇق جاھالەتتۇر. ھەقىقەتنى قوغدايدىغانلار مۇتەئەسسىپ بولمايدۇ. ئائىلەمنى ئېلىپ ئېيتساق، بۇرۇن ھەممىمىز ئوخشاش ئىدىيە ئېقىمىغا تەۋە ئىدۇق. ئائىلىمىزدىن ھازىر ئىككى قېرىنداشلا قالدۇق. ئاتا ـ ئانام مەن يەتتە ياش چېغىمدا ۋاپات بولغان. ھەدەم توي قىلغۇچە، بىزگە هامام قارىدى. ئۇ يىلدىن بېرى، ھەدەم بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن.

ــ كەچۈرگىن، شۇ ئىدىيە ئېقىمى مەسىلىسىنى چۈشىنەلمىدىم.

ــ دېمەكچى بولغىنىم، ھەدەم بىلەن يېزنەم ئىككىسىنىڭ دۇنيا قاراشلىرى ئوخشاش. مەن ئىسلام بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، يوللىرىمىزنى ئايرىدۇق.

ــ ئىسلام بىلەن تونۇشماق؟ بۇرۇن باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلامتىڭ؟

ــ ياق، جىسمىم مۇسۇلمان بولغان بىلەن، روھىم ئىسلامدىن ئۇزاق ئىدى، ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەيتتىم، ئۆزەم بىلگەنچە ياشايتتىم.

ــ كېيىن قانداق بولدى؟

ــ بۇرۇن سېپى ئۆزىدىن لۈكچەك ئىدىم. قىز دوستتىن بىر نەچچىنى تەڭ تۇتۇۋالاتتىم. ھازىرقى كۆپىنچە ياشلىرىمىزمۇ ئەنە شۇنداق. ھەتتا خىروئىنغا ئۆگىنىپ قالغىلى تاس قالغانىدىم. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ مېھرىبان، ئۇلۇغ ئاللاھ ماڭا مۆمىن ئىنسانلىك بىر كىشىنى ئۇچراشتۇردى.

يۇنۇس ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا ھاياجان بىلەن سورىدى:

ــ قانداق ئۇچراشتىڭلار؟

ــ بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ، بىر ھەميان تېپىۋالدىم. ھەميانىنىڭ ئىچىدە كىملىك ۋە نۇرغۇن پۇل بار ئىدى. ھەدەم بىلەن يېزنەم مېنى پۇلنى ئېلىۋېلىشقا قىزىقتۇردى. ئەمما مەن كىملىكتىكى ئادرىس ۋە ئىسىم بويىچە ھەميان ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئىشىكنى ساقاللىق، نۇر يۈزلۈك بىر كىشى ئاچتى. بۇ دەل مەن تېپىۋالغان ھەميانىنىڭ

ئىگىسى ئىدى. ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرغاندىن كېيىن، كەتمەكچى بولدۇم. لېكىن ئۇ كىشى مېنى كەتكۈزمەي، ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇ كۈنى، دوستلىرى بىلەن دىنىي سۆھبەت ئۆتكۈزىۋاتقانىكەن. «سەندەك سەممىي يىگىتتىن يامانلىق كەلمەيدۇ، بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم بولغىن!» دېدى. تۇنجى ئۇچقۇن مانا شۇنداق تۇتاشتى.

— «ھۇ» تارتىۋېتىپتىمىكەن؟

— ياق، ئىلمىي سۆھبەت يىغىلىشى ئىكەن. ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ تەۋھىد مۇجادىلىسى، تەۋھىدنىڭ مەنىسى ھەققىدە سۆز بولۇۋېتىپتىكەن.

— ھازىرمۇ قاتنىشىپ تۇرامسەن؟

ئۆمەر فارۇق: «شۇنداق» دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئارقىدىنلا ۋاز كەچتى. چۈنكى بۇ كۈنلەردە ھەممە ئادەمگە ئىشىنىۋېرىشكە بولمايتتى. بەزى يامان نىيەتلىك كىشىلەر تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈشكە ئاران تۇراتتى. شۇڭا:

— ياق، ـ دېدى ۋە:

— چۈنكى ۋاقىت چىقىرالمايۋاتىمەن. ئۆيدە ئوقۇي دېسەم، شارائىت يار بەرمەيۋاتىدۇ، ـ دەپ قوشۇپ قويدى.

— ئۆيدىكىلەر قارشى تۇرامدۇ؟

— شۇنداق، جان ـ جەھلى بىلەن قارشى تۇرىدۇ.

— ئەمسە، سېنىڭ ئىشىڭ تەسكەن.

ــ توغرا دەيسەن. ئەمما بۇ ئاخىرەتتىكى ئازابقا سېلىشتۇرغاندا ھېچ گەپ ئەمەس. يېزنەمنىڭ مېنى كۆرەر كۆزى يوق بولسىمۇ، مائاشىم بىلەن ئۆيگە ئانچە ـ مۇنچە قارىشىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن گەپ قىلمايۋاتىدۇ. ئەمما مەندىن گۇمانلىنىپلا يۈرىدۇ.

ــ قانداق گۇمان؟

ــ بولدىلا، دېمەيلا قوياي.

ــ كەچۈرگىن، شەخسىي ئىشلىرىڭنى سورىماسلىقىم كېرەك ئىدى.

ــ ئۇنداق ئەمەس، دېگۈدەك ئىشىمۇ يوق.

ــ ئەمىسە ماڭا تەۋھىدنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويالامسەن؟ ھەزرىتى ئىبراھىم پەيغەمبەر ئەمەسمىدى؟ بۇ سۆھبەت ساڭا ھاياتىڭدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغۇدەك دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپتۇ. مەن پەيغەمبىرىمىزدىن باشقىسىنى بىلمەيمەن، شۇڭا قىزىقىپ قالدىم.

ــ ھەزرىتى ئىبراھىمنى بىلىش ھەقىقەتەن مۇھىم. ئۇنىڭ ھاياتى تولىمۇ ئىبرەتلىك ھېكايىلەر بىلەن تولغان. تەۋھىدكە كەلسەك، بۇنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. تەۋھىد ئىلىمنىڭ بىر تارمىقى.

ــ يەنى فىزىكا، خىمىيەگە ئوخشاشمۇ؟

ــ شۇنداقراق. تەۋھىد دېگەن نېمە؟ نېمە ئۈچۈن مۇھىم؟ نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ تەۋھىدنى بۇزىدىغان سەۋەبلەر ۋە

ئـامىللار قايىسـىلار؟ تەۋھىـد ئېيتىش دېـگەن نـېمە؟ تەۋھىـد پەقەت تىلدىلا ئېيتىـپ قويۇشمۇ ياكى تەۋھىـد ئېيتىش بىـلەن بىـر ۋاقىتتـا ئالالاھنىڭ ئەمرلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشمۇ؟ ... تەۋھىد ــ مانا مۇشۇنداق كەڭ دائىرىدىكى بىر ئىلىمدۇر.

ــ قىزىققان ئۆگىنىدۇ، دېگىنە؟!

ــ يـاق، قىزىققـانلا ئەمەس، ئـۆزىمىزنى مۇسـۇلمان دەپ يـۈرگەن ھەممە كىشى ئۆگىنىشى كېرەك.

ــ ئۆگىنىش شەرتمۇ؟

ــ سەنچە شـەرت ئەمەسـمۇ؟ «مەن پـالانى» دەپ يـۈرگەن كىشـى ئەڭ بولمىغانــدا، ئـۆزى ھەققــدە بىــر چۈشـەنچىگە ئىــگە بولۇشــى كېرەكقۇ؟

ــ قىزىق ئىش. قەتئىي ئۆگىنىش كېرەككەن ـ دە؟!

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ســوراپ قويــدۇم. مەســىلەن، ئـۇنى بىلمــگەن مۇســۇلمان ھېسابلانمامدۇ؟

ــ سـەن ئەگەر بىـر نەرسـىگە ئىـگە بولسـاڭ، ئـۇنى چوقـۇم جـان تىكىــپ قوغدىشــىڭ كېــرەك. بۇنىــڭ ئۈچــۈن، ئالــدى بىــلەن ئـۇنى قوغـداش يـولىرىنى پىششـىق بىلىشـىڭ كېـرەك. ئەگەر بـۇ يـولنى بىلمىسەڭ، مۇقەررەر ھالدا ئىلكىڭدىكى نەرسىنى يوقىتىپ قويىسەن.

ــ دېمەكچى بولغىنىـڭ، دىنىنـى قوغـداش ئۈچـۈن ئالـدى بىـلەن ئۇنى چۈشىنىش كېرەك، شۇنداقمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە. ئۇيلاپ باققىنە، بىر نەرسىنى ئىلكىمىزدە دەپ ئۇيلاش باشقا، ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئىگە بولۇش باشقا. دىنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر. ئۇ ھەم دىنىنى قوغداشنىڭ يوللىرىنى، شەرتلىرىنى بىلگۈچىدۇر. شۇڭا بىز ئۆزىمىز بىلگەنچە: «بۇ مۇنداق بولىدۇ» دېيەلمەيمىز. دېسەكمۇ، قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاخىرەتتە ئاللاھ بىزنىڭ كۆز قاراشلىرىمىزغا ئەمەس، بەلكى ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىگە ئاساسەن ھېساب سورايدۇ.

ــ شۇنداق، ئېيتقانلىرىڭىز توغرا. ئەمىسە نېمىشقا ھەزرىتى ئىبراھىم ھەققىدىلا ئۆگىنىمىز. بارلىق پەيغەمبەرلەر باراۋەر ئەمەسمۇ؟

ــ ياق، ھەزرىتى ئىبراھىمنىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەمما ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى ئالاھىدىرەك.

ــ قانداق ئالاھىدە؟

ــ چۈنكى ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئالاھىدە بولۇشىدا بىر مۇھىم سەۋەب بار. ئۇ بولسىمۇ، كىشىلەر ياشلىقىدا مەلۇم شەخسلەرگە ھەۋەس قىلىپ، ئۇلاردەك بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئەگەر بۇ چاغدا ھەقىقىي قەھرىمان، ھەقىقىي داھىيلارنى پەرق ئېتەلمىسەك، ساختا قەھرىمان، ساختا داھىيلار مەلۇم مۇددىئادىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ياساپ چىقىلىدۇ. نەتىجىدە، ياشلار بۇلارغا ئەگىشىپ كېتىپ، ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھازىرقى ياشلار ئارىسىدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. تارىختا بۇ ساختا قەھرىمانلارنى ئىلاھلاشتۇرۇپ

ئۇنىڭغا چوقۇنغانلار، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن جان بەرگەنلەرمۇ بولغان. لېكىن بىز سوغۇققانلىق بىلەن تارىخنىڭ ھەقىقىي يۈزىنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەك، بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنىمۇ دەل شۇ.

ــ ئۆمرۈمدە ئاڭلاپمۇ باقمىغان نەرسىلەرنى سېنىڭ ئاغزىڭدىن ئاڭلاۋاتىمەن.

ــ مەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇلارنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا خۇددى يىگىرمە يىللىق ئۇيقۇمدىن ئويغانغاندەك بولغان ئىدىم. ئاللاھقا مىڭ شۈكرى، مېنى غەپلەتتىن ئويغاتتى. ئەگەر شۇ پېتى ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغان بولسام نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىش بولاتتى!

ــ قەيەرگە؟

ــ ئۇ دۇنياغا بولمامدۇ!

ــ ھە، مۇنداق دېگىنە، مەن تېخى...

ــ ئاللاھ ساڭىمۇ ھىدايەت ئاتا قىلغاي. بىزنىڭ ئاللاھ بىلەن تونۇشۇشىمىزغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئۇ قەدەر كۆپ ئامىل باركى، خۇددى ھەممە نەرسە قەستەن بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېتىپ، ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ئۈچۈن يالغاندىن ياساپ چىقىلغاندەكلا. مەسىلەن: پۇتبولنى ئېلىپ ئېيتايلى، ئەگەر ھەممە ياشلار ئاللاھنى پۇتبولنى ياخشى كۆرگەنچىلىك ياخشى كۆرسە ئىدى، ئۇ چاغدا بىزنىڭ دۆلىتىمىز قانچىلىك گۈللەنگەن بولاتتى...

ــ پۇتبول ئويناشمۇ گۇناھمۇ؟

ــ ياق. يولىدا بولسىلا گۇناھ بولمايىدۇ. لېكىن ھەممە نەرسە ئەسلى تەبىئىتىنى يوقاتقان چاغدىلا زىيانلىق تەرەپكە يۈز تۇتىدۇ.

ــ توغرا دەيسەن.

ــ ھازىرقى ياشلارغا قارىساملا يۈرىكىم پۇچىلىنىدۇ. نېمىشقا دېسەڭ، ياشلىقنى قاراپ تۇرۇپ ئىسراپ قىلىدۇ، ياشىدۇق دېگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ياشلىقنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ.

ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى. سائەت 11 يېرىم بولغانىدا، ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئۆمەرنىڭ ھەدىسى ۋە يېزنىسى قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆيدە يات بىر كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا چىرايى تۇتۇلدى. ھەتتا تىلىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ مېھماندىن ئەھۋال سوراپ قويمىدى. يۇنۇس بۇ مۇئامىلىنى كۆرۈپ، دەرھال قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆمەر يۇنۇسنى ئۇزىتىپ قويغاچ، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى. يۇنۇس كەتكەندىن كېيىن يېزنىسى:

ــ سەن نېمىشقا بىزدىن رۇخسەتسىز ئۆيگە يات ئادەم باشلاپ كەلدىڭ؟ ــ دېدى.

ــ كەچۈرۈڭلار، مەن دىققەت قىلماپتىمەن، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن، ــ دېدى ئۆمەر.

ھەدىسى ئاچچىقلاندى:

ــ سەن قىلمىغان بىر مۇشۇ ئىش قالغان ئىدى. گەپ قىلمىساق ئەتە ـ ئۆگۈن موللىلىرىڭنى يىغىدىغان ئوخشايسەن بۇ ئۆيگە. مېنىڭ ئۆيۈمگە تەپ تارتماي، يات بىر ئەر كىشىنى باشلاپ كەلگىنىنى قارا!
ئۆمەر فارۇق بىچارىلەرچە:
ــ كەچۈرگىن ھەدە. ئەمدى قىلمايمەن، ــ دەپ كەچۈرۈم سورىدى.
ــ ئۆيۈمنىڭ ھوزۇرىنى بۇزىدىغانغا ھېچقانداق ھەققىڭ يوق، بۇندىن كېيىن قەدىمىڭنى تېخىمۇ ئويلاپ باس، ــ دېدى ھەدىسى.
ــ ھەدە، بۇرۇنمۇ بۇ ئۆيگە دوستلىرىم كېلىپ تۇراتتىغۇ؟ ئۇلارغا ئەجەپ بىر نەرسە دېمىگەنىتىڭلار. كېيىنلىك قىلىمەنكى، بۇ دوستۇمدىنمۇ سىلەرگە ھېچ يامانلىق كەلمەيدۇ.
يېزنىسى:
ــ سەن تېخى بىز بىلەن تەڭ تۇرۇۋاتامسەن؟ بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مەن، بىلىپ قوي! ــ دېدى.
ئۆمەر گەپ ـ سۆز قىلماي، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ يېتىپ قالدى. ئەمما خېلىغىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى، بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايتتى. ئۇ كۆڭلىدە بىر چىقىش يولى ئىزدەيتتى: «مۆمىن ئاكىغا ئېيتسام بولارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ـ يۇ، يەنە ۋاز كەچتى. «ياق، شەخسى ئىشلىرىم بىلەن، ئۇلارنى پاراكەندە قىلسام بولمايدۇ.»

ئۆمەر كېچىسى بىر ۋاق نەپلە ناماز ئوقۇشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلسىمۇ، ئەمما تۇرالمايۋاتاتتى. چۈنكى بۇرۇن بىر كېچىسى نامازغا تۇرغىنىدا، يېزىنىسى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئاغزىغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن ھاقارەتلىگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۆمەر كېچىسى نامازغا تۇرۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

* * * * *

يۇنۇس ناشتا قىلىۋېتىپ ئاپىسىغا:

ــ ئاپا، مەنچە ئەلچىلىككە بارغان ۋاقتىمىزدا مومامنىمۇ ئېلىۋالساق ياخشى بولاتتى، ـ دېدى ۋە قوشۇپ قويدى:

ــ شۇڭا مەن بۈگۈن بېرىپ مومامنى ئېلىپ كېلەيمىكىن دەيمەن؟

مەريەمنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

ــ سەنمۇ ھەددىڭدىن ئېشىشقا باشلىدىڭ. ئۇنى ئېلىپ كەلسەڭ، دەردىنى سەن تارتمايسەن، مەن تارتىمەن.

ــ ئاپا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سەنمۇ قېرىيسەن، سېنىڭ كېلىنىڭمۇ ساڭا شۇنداق مۇئامىلە قىلسا، سەن قانداق قىلىسەن؟

ــ ئۇ قانداق گەپ؟ مەن كېلىنىمنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايمەن، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكى بار. خالىسا، ئۇمۇ مېنى باقمىسۇن. سەن تېخى ھېلىتىن مېنى باقمايمەن دەۋاتامسەن؟ بىز سېنى نېمە جاپالاردا چوڭ قىلدۇق؟

ــ مومــامۇ ئىككــى ئــوغلىنى شــۇنداق جاپــادا بېقىپــتىكەن، ئەمدىلىكتە يالغۇز قالدى.

ــ نەدىمۇ يالغۇز بولسۇن؟ ئەتراپىدا ئۇنىڭغا ئوخشاشلار جىققۇ؟

ــ سەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولمىغاچقا، ئـۇنى چۈشىنىشـىڭ مـۇمكىن ئەمەس. نېمە بولسا بولسۇن، مومامنىـڭ ئـۇ يەردە تۇرۇشـى كاللامـدىن پەقەتلا ئۆتمەيدۇ.

ــ بــۇ گەپلەرنــى داداڭنىــڭ قېشــىدا دېگــۈچى بولمــا. ئۇنىــڭ ئۈستىگە، ئەلچىلىككە ئۇنى ئاپىرىپ نـېمە قىلىمىز؟ يـا زىيـاپەت يـاكى مۇراسىم بولمىسا، تويۇڭ بولغاندا ئېلىپ كېلەرسەن.

يۇنـۇس ناشتىنىسـىنى چـالا - پۇچـۇق قىلىـپلا ئورنىـدىن تـۇردى. چاپىنىنى ئېلىپ، ئـۆمەر فارۇقنىـڭ يېنىغـا بارمـاقچى بولـۇپ، ئۆيـدىن چىقتــــى. ئۆمەرنىـــــڭ ســــەمىمى ۋە ئــــاقكۆڭۈللۈكى ئــــۇنى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

يېرىم سائەتتىن كېـيىن، ئـۇ بولكىخانىغـا يېتىـپ كەلـدى. ئـۆمەر يۇنۇسنى كۆرۈپ، ئاخشامقى ئىش ئېسىگە كەلدى - دە، بىر ئاز خىجىـل بولدى ۋە:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، خۇش كەلـدىڭ يۇنـۇس، مەن بـۇ يەردە! - دېدى.

يۇنۇس كۈلۈمسىرەپ:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ساڭا يولۇقۇپ ئۆتەي دېگەنىدىم. ياخشى تۇرۇۋاتامسەن؟ ئاخشام سېنى قىيىن ئەھۋالدا قويغانلىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.

ــ ياقەي، ئەسلىدە مەن كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك. قارا، بۈگۈن مۇنداق قىلايلى. ۋاقتىڭ بولسا، بېرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلىشىپ كېلەيلى. مېنىڭ ئون مىنۇت دەم ئېلىشىم بار.

ــ سېنى ئاۋارە قىلماي. مەن ئىش ئىزدەۋاتاتتىم.

ــ ئاۋارە قىلىش دېگەن قانداق گەپ؟ مېنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتىم تۇرسا؟

ــ مەيلى ئەمسە.

ئۇلار تۈنۈگۈنكى چايخانىغا كېلىپ، بىر بوش ئۈستەل تېپىپ ئولتۇردى. ئۆمەر فارۇق:

ــ شۇنداق قىلىپ، ئىش ئىزدەۋاتىمەن دېگىن؟

ــ ھەئە، ئىشلىمىسەم بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، توي قىلىدىغان بولىۋاتىمەن، ئالىي مەكتەپكىمۇ ئۆتەلمىدىم.

ــ ئاللاھ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلسۇن!

ــ ئەلۋەتتە، خەيرلىك. بۇنىڭدىنمۇ خەيرلىك ئىش بولامدۇ؟ بۇنداق بەخت ھەممە ئادەمگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. بىز بىر - بىرىمىزنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرىمىز. ئاللاھ سېنىمۇ سۆيگىنىڭ بىلەن مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن!

— ئامىن! ئەمما يەنىلا ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىۋەتمە. بىر ئىشنىڭ خەيرلىك ياكى ئەمەسلىكىنى بىر ئاللاھ بىلىدۇ.

— ھەممە ئىش شۇنداق ئوچۇق تۇرمامدۇ؟ ئالدىمىزدا بەختسىزلىككە سەۋەب بولغۇدەك ھېچبىر ئامىل يوق. ھەم بىر - بىرىمىزنى شۇنداق ياخشى كۆرۈشىمىز ھەم ھەر ئىككى ئائىلە توي ئىشىمىزغا قوشۇلدى. ھال - ئوقىتىمىزمۇ خېلى ياخشى، خەققە موھتاج بولۇپ قالمايمىز.

ئۆمەر فارۇقنىڭ يۈزىدە ئاچچىق بىر كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى. يۇنۇس بۇنى كۆرۈپ سورىدى:

— خاتا گەپ قىلدىممۇ؟

ئۆمەر فارۇق بىردەم نېمە دەپ جاۋاب بەرسەم بولار دەپ ئويلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوئالىغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى:

— سەنچە توغرىمۇ؟ بەختلىك بولۇش ئۈچۈن سەۋدايىلارچە ئاشىق ۋە پۇل بولسىلا بولامدۇ؟ مەنچە ھەقىقەتكە ئاشىق بولمىغانلارنىڭ سۆيگۈسى خۇددى سوپۇن كۆپۈكىگە ئوخشايدۇ. بەخت دېگەن نېمە؟ ئۆتكۈنچى ھەۋەسلەرنى قاندۇرۇشمۇ؟ پەقەت بۇ دۇنياغىلا خاس بولغان بەخت ئىنساننى ئىككى دۇنيالىق بەختلىك قىلىشقا يېتەمدۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، سوئال دېگەننى ياغدۇرۇۋەتتىڭغۇ؟ چۈشىنىشلىكرەك گەپ قىلساڭچۇ؟

— ئەمىسە مۇنداق دەي: مەسىلەن، ئالدىڭدا بىر كۆزۈرۈك بار دەيلى. بۇ كۆۋرۈكتىن چوقۇم ئۆتۈشۈڭ كېرەك. كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ

بولغاندىن كېيىنلا، كۆۋرۈك غايىب بولۇپ كېتىپ، سەن كەينىڭگە قايتالمايسەن. سەن كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدا مەڭگۇ قېلىشقا مەجبۇرسەن. سېنىڭ ھازىرقى ھالىڭ خۇددى كۆۋرۈكتىن تېخى ئۆتمىگەن ۋاقتىڭغا ئوخشايدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئېسىل نەرسىلەر بار. ساڭا: «ئەگەر بۇ تەرەپتىكىلەرگە بېرىلىپ كەتسەڭ، يەنە بىر تەرەپتىكىلەردىن مەھرۇم قالىسەن» دېيىلسە، سەن مەڭگۈلۈك بەخت بار يەرنى تاللىماي، ئۆتكۈنچى نەرسىلەرگە بېرىلەمسەن؟ بۇنى ھەقىقىي بەخت دېگىلى بولامدۇ؟

— توختا، توختا. ئۆيلىنىش، بەختلىك بولۇش گۇناھمۇ؟

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. دەل ئەكسىچە، ئۇ دېگەنلىرىڭ سېنىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشۈڭگە تۈرتكە بولىدىغان ئامىللاردۇر.

— قانداق؟

— كۆۋرۈك ئىككى بەلگىلىگەن قائىدە - تۈزۈملەر بار. سەن كۆۋرۈك ئىگىسىنىڭ تەلىپىگە كۆنسەڭ، ئۇ چاغدا ھەر ئىش - ھەرىكىتىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشۈڭنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. توي قىلىش ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ بىرىدۇر.

— ئۇنداقتا، كۆۋرۈك دېگىنىڭ بۇ دۇنيامۇ؟

— كۆۋرۈك ساڭا بېرىلگەن ھايات، ۋاقىت ۋە مۆھلەت. كۆۋرۈكنىڭ بۇ بېشىدا دۇنيا، ئۇ بېشىدا ئاخىرەت بار.

ــ ئاجايىپ گەپقۇ بۇ، تـوي قىلىش بىلەن ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

ــ ماڭـا قـارا يۇنـۇس، بـۇ تېمىنـى ئىككـى ئېغىـز گەپ بىلەنـلا چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئەمما ساڭا شۇنى ئېيتىپ قوياي، ھەممىدىن ئاۋۋال بىز كۆۋرۈك ئىگىسىنى ياخشى تونۇشىمىز كېرەك.

ــ لېكىن بىز ئۇنى تونۇيدىغان تۇرساق؟

ــ ئۇنداق ئەمەستۇ؟

ــ ئۇ نـېمە دېگىنىـڭ؟ ئـاللاھ بـار، مەن ئۇنىـڭ بـار ۋە بىـرلىكىگە ئىمان كەلتۈرىمەن.

ــ بىـر شـەيئىنىڭ مەۋجۇدلـۇقىنى بىلىـش باشـقا، ئـۇنى تونـۇش باشقا. مەسىلەن، ئىستانبۇل دېـگەن شـەھەرنىڭ بـارلىقىنى بىلىسـەن، ئەمما بۇ ئىستانبۇلنى چۈشىنىدىغانلىقىڭدىن دېرەك بەرمەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئەقلىسىز ۋە ماڭقۇرتلاردىن باشقىسى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ. لېكىن مەسىلە ئۇنى ھەقىقىي تۇردە، يەنى ئاللاھنى ئىسىم - سۈپەتلىرى بىلەن تولۇق تونۇش - تونۇماسلىقتا. ئۆزىمىز چۈشەنمىگەن نەرسىنى ھەقىقىي سۆيەلمەيمىز.

ــ مەن بۇ گېپىڭگە ئانچە قوشۇلمايمەن. بىـز ئـاللاھنى تونـۇيمىز ھەم چىن دىلىمىزدىن سۆيىمىز.

ــ ئېيتقىنە قېنى، ئاللاھنى قانداق سۆيىسەن؟

ــ ئــاللاھ بــاردۇر، ئۇنــىڭ ئوخشىشــى ۋە تەڭدىشــى يوقتــۇر. كائىناتتىكى ھەممە نەرسىنى ئۇ ياراتقان.

ــ ئاللاھ بۇنچىۋالا نەرسىنى نېمە ئۈچۈن ياراتقان؟

ــ ھە، بىزنى تويپىدىن...

ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ مەن ئۇنى دېمىدىم. يارىتىش سەۋەبىنى سوراۋاتىمەن.

ــ سەۋەبى؟

ــ ھەئە، سەۋەبى.

ــ ئۇنى بىز بىلەلمەيمىز.

ــ نېمىشقا بىلەلمىگۈدەكمىز؟ ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە كائىناتتىكى نەرسىلەرنى نـېمە ئۈچـۈن ياراتقـانلىقىنى بايـان قىلغـان. ئاللاھ ياراتقـانىكەن، ھەمـمە نەرسـە ئۇنـىڭ ئىلكىـدە بولۇشـى كېـرەك، شۇنداققۇ؟

ــ ئەلۋەتتە.

ــ شۇنداق بولغانىكەن، كائىناتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىمۇ ئۇنـىڭ ئىلكىــــدە. ئەممــــا بىــــز ئۇنىــــڭ «ھــــاكىملىق» ســــۈپىتىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۇنـىڭ قانۇنلىرىغـا بويسـۇنۇشـنى، يەنـى شەرىئەت قانۇنىغا بويسۇنۇشنى خالىمايمىز.

ــ ھەقىقەتەن ئۆزگىچە.

ــ نېمە ئۆزگىچە؟

ــ مەن بۇرۇن بۇنى پەقەت ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ئۆمەر فارۇق سائەتكە قارىدى، ۋاقىت توشۇپ قالغانىدى. ئۇ يۈنۈسقا قاراپ:

ــ مەن كەتمىسەم بولمايدۇ. كۆۋرۈك ئىگىسى: «ئامانەتكە خىيانەت قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇغان. خوجايىنىڭ ھەققىگە قارا سانىسام بولمايدۇ. بىز باشقا كۈنى پاراڭلىشايلى، بولامدۇ؟

ــ ئەلۋەتتە. پاراڭلىشىپ كاللامدىكى چىگىشلىشىپ كەتكەن پىكىرلەرنى يېشىشىم كېرەك.

ئۇلار ئايرىلغاندىن كېيىن، يۈنۈس دادىسىنىڭ يېنىغا باردى. دادىسى يۈنۈسقا بىر شەخسىي شىركەتنىڭ بوغالتىرلىق بۆلۈمىدىن ئىش تېپىپ قويغانىدى.

يۈنۈس شىركەتكە بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىردى. كەچ ئىشتىن چۈشۈشكە يېقىن ئۆمەر فارۇق بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى ۋە دادىسىغا تېلېفون قىلىپ بۈگۈن كەچرەك كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ ئۆمەرنىڭ ئىش يېرىگە كەلگىنىدە، ئۆمەر ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغانىدى. يۈنۈس قورۇنغان ھالدا:

ــ ئەگەر مالال كۆرمىسەڭ، بىر ئاز ئايلىنىپ كەلسەك بوپتىكەن، ـ دېدى. ئۆمەر:

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، ــ دەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

ئۇلار دۇكاندىن چىققاندا، يۈنۈس:

ــ ئەتىگەنكى پاراڭلاردىن كېيىن، مېنىڭ كاللامدىكى ئوي - پىكىرلەر قالايمىقانلىشىپ كەتتى. شۇڭا سېنى ئاۋارە قىلىپ تۇرۇپتىمەن.

ــ ئاۋارە قىلدىم دېگەن نېمە گەپ، سېنىڭ بىلەن پاراڭلاشسام مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ.

ــ رەھمەت، ئەمسە ئېيتايمۇ؟

ــ بولىدۇ، قۇلىقىم سەندە.

ــ شۇ كۆۋرۈك مەسىلىسىدە، سەن نىكاھنىڭ كۆۋرۈكتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈشمىزگە ياردىمى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدىڭ. شۇ ئىشنى بىر ئاز تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن بولساڭ.

ــ بۇنى چۈشەنمەك ئۈچۈن ئاۋۋال قۇللۇق ئېڭى بولۇشى كېرەك.

ــ بىز ئۇنىڭسىزمۇ قۇل تۇرساق؟

ــ ئەمما بىز قۇللۇق قىلىۋاتامدۇق؟

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ئەسلى مەسىلە بىزنىڭ قۇللۇقنى بىجا كەلتۈرگەن - كەلتۈرمىگەنلىكىمىزدە. قۇللۇق بىز بىلىدىغان ناماز، روزا، زاكات ۋە ھەجدىنلا ئىبارەت ئەمەس. قۇللۇق يىغىپ ئېيتقاندا، شەرتسىز ئىتائەت ۋە ساداقەتتۇر.

يۇنۇس چۈشەندىم دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئۆمەر فارۇق سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بىز ئەتىگەنكى سۆھبىتىمىزدە «ئاللاھنى تونۇش كېرەك» دېگەندۇق.

يۇنۇس ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ماڭا شۇ نىكاھ ئىشىنى بىر ئىزاھلاپ بەرسەڭ.

ــ بولىدۇ. ئۇنىمۇ چۈشەندۈرىمەن. ئاللاھ ھەممە نەرسىنىڭ ھۆكۈمرانىدۇر. شۇنداقلا، ئەڭ ئادالەتلىكتۇر. دېمەك، ئاللاھ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى مۇتلەق ئادىل بولىدۇ. مەن بايا: «قۇللۇق مۇتلەق ساداقەت دېمەكتۇر» دېگەنىدىم. ئەمدى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى ئېلىپ ئېيتساق، بىر ئىنسان ئەگەر: «ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ ئىلاھىمسەن» دېسە ۋە شۇنىڭغا ئىشەنسە، كەلىمە شاھادەت ئېيتقان بولىدۇ. كەلىمە شاھادەتنىڭ مەنىسى: «ئى ئاللاھ! سەندىن باشقا ھۆكۈمران يوقتۇر. مەن سېنىڭ ھۆكۈملىرىڭدىن ھەرگىز يۈز ئۆرۈمەيمەن. مېنىڭ ھاياتىمنى سەن بەلگىلەيسەن، ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىڭگە مەڭگۈ قارشى چىقمايمەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

ــ ئەمما دۇنيادا قانچە ئادەم بۇنىڭ مەنىسىنى بىلىدۇ ھەم بۇنداق دەيدۇ؟

ــ توغرا دەيسەن، لېكىن بىز بۇنى چوقۇم بىلىشىمىز كېرەك. بۇنى مۇشۇ بويىچە بىلگەن ۋە ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئېيتقان شاھادىتى ئاندىن ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدۇ.

ــ شۇلارنىڭلا قۇللۇقى قوبۇل قىلىنامدۇ؟

ــ ھەئە، پەقەت شۇلارنىڭلا قوبۇل قىلىنىدۇ. ئەمدى نىكاھ ئىشىغا كېلەيلى!

ــ ھە، شۇنداق قىلايلى.

ــ بىز: «ئاللاھنىڭ قانۇنىدىن باشقا قانۇن تونىمايمىز» دېگەن ئىكەنمىز، ئاللاھنىڭ نىكاھ ھەققىدە بەلگىلىگەن قانۇنلىرىغا نەزەر سېلىشىمىز كېرەك. يەنى نېمىلەرگە دىققەت قىلىش ۋە قانداق رىئايە قىلىش... قاتارلىقلار.

ــ بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك قانۇنمۇ بارمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە، پەقەت بۇنىڭغىلا مۇناسىۋەتلىك ئەمەس، يەنە ئاجرىشىش، مىراس بۆلۈشۈش، سىياسەت، ئەخلاق مەسىلىلىرى... قىسقىسى، ئىنسان ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر قانداق تۈرنىڭ ئۆزىگە خاس دەلىل ۋە قائىدىلىرى بار.

ــ «ئەخلاقىي پرىنسىپلار» دېگەن نېمە؟

ــ ئۆزىنى مۇسۇلمان دېگەن ھەر بىر كىشى ئەخلاقىي مەسىلىلەردە ئاللاھنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى كېرەك. ئەمما بەزى ئىككى يۈزلىمچى كىشىلەر ئىبادەتتە مۇسۇلمان، لېكىن ئەخلاقتا ئەبجەش كېلىدۇ.

ــ ئەخلاقتا ئەبجەش دېگىنىڭ نېمىسى؟

ــ ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتساق، ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئەڭ كەڭ تارقالغان كۆز قاراش قايسى؟

ــ دىنىنىڭ دۆلەتكە، دۆلەتنىڭ دىنغا ئارىلاشماسلىقى.

ــ تــوغرا. دىنىنــىڭ پرىنســىپلىرىغا يــات بولغــان ئەخــلاق يــاكى دىنــدىن ئــايرىۋېتىلگەن ئەخــلاق (تەبىئىيكــى، بۇنىڭغــا ئەخــلاق دېيىشكىمۇ بولمايدۇ) ئەبجەش ئەخلاق بولماي نېمە؟

ــ باشقىچە قىلىــپ ئېيتقانــدا، دىنسىــز ئەخــلاق دېگىــنە! ئەمىســە، ئىشــىمىز چاتــاقكەن جۇمــۇ. دىنــدىن ئــايرىۋېتىلگەن ھەرقانــداق نەرســىدىن دىنسىــزلىق كېلىــپ چىقىــدىكەن. بــۇنى پەقەتــلا ئــويلاپ باقماپتىكەنمەن.

ــ ئەگەر بىــز ئــۆزىمىز بىلگەنــچە ياشــاپ، ئانــدىن: «ئــاللاھ كەچۈرىدۇ» دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللىي بەرمىسەك، ھەقىقەتەن ئىشىمىز چاتــاق ئىــدى. ئــاللاھ ھەقىــقەتەن گۇنــاھلارنى ئەپــۇ قىلغــۇچى، كەچۈرگۈچىدۇر، ئۇ گۇناھكارلارنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ.

ــ ھە، بۇ سۆزلىرىڭدىن سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم.

ــ ئەڭ ئاۋۋال تەۋبىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىش كېرەك.

ــ ئۇنىمۇ سۆزلەپ بەرگىن ئەمىسە.

ــ بايــاتىن بېــرى، ئــۇ يەردىــن - بــۇ يەردىــن ســۆزلەپ ئۆتتــۇق. قىســقىچە قىلىــپ ئېيتقانــدا، تەۋبىنىــڭ مەنىســى ئەســلىگە قــايتىش دېمەكتۇر. يەنــى گۇناھىغا ھەقىقــي مەنىــدە پۇشايمان قىلىــپ، قايتىــا سادىر قىلماسلىققا قەسەم ئىچىشتۇر.

ــ ھە، ئەسلى مۇنداقكەندە؟

ــ شۇنداق. بۇ ياقتىن گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، ئۇ ياقتىن: «ئاللاھ مېنــى كەچــۈر!» دېــيىش تەۋبە قىلىــش ھېســابلانمايدۇ. ئــاللاھ نىســا

سۈرىسىنىڭ بىر ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ قوبۇل قىلىشنى ۋەدە قىلغان تەۋبە يامانلىقنى نادانلىقتىن قىلىپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇنغا قالماي (يەنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن) تەۋبە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. داۋاملىق يامان ئىشلارنى قىلىپ، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن چاغدا ئەمدى تەۋبە قىلدىم دېگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى ۋە كاپىر پېتى ئۆلگۈچىلەرنىڭ تەۋبىسى (يەنى ئۆلۈم ئالدىدا ئىمان ئېيتتىم دېگۈچىلەرنىڭ ئىمانى) قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلارغا قاتتىق ئازاب تەييارلىدۇق»[1].

ــ نېمدېگەن ئوچۇق ئېپادىلەنگەن ـ ھە!

ــ ئەسلىدە قۇرئاننىڭ بارلىق مەزمۇنى مانا شۇنداق ئېنىق. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ئوچۇق زېھىن ۋە ئۆتكۈر كاللا بولۇش كېرەك.

ــ ئاغىنە، مېڭەم ئېتىلىپ كېتەي دەپ قالدى. قەلبىمدە ئاجايىپ ھېسلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ــ شۇ نىكاھ مەسىلىسىنى تولۇق يېشىپ بولالمىدۇق تېخى.

ــ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى چۈشەندىم. ئۇنداقتا، ماڭا نىكاھنىڭ قائىدىلىرى ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىڭنى ئېيتىپ بېرەمسەن؟ ۋاقتىڭنى ئېلىپ قويىدىغان بولدۇم.

---

[1] سۈرە نىسا، 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەتلەر.

ــ ۋاقتىمىز ئاللاھقا پىدا بولسۇن. ۋاقىت بەندىگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەڭ چوڭ دەسمايە، بەندە بولسا سودىگەردۇر. دىتسىز سودىگەر دەسمايىسىنى جايىدا ئىشلىتەلمەي ئاخىرىدا ۋەيران بولىدۇ. ئاللاھ تائالا سۈرە ئەسىردە بۇ ئەھۋالنى مۇنداق ئىپادىلەپ بەرمەكتە: «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر»[1]. ئاللاھ بىزنى ۋاقتنى قەدىرلەيدىغانلاردىن بولۇشقا نېسىپ قىلغاي!

ــ ئامىن!

ــ نىكاھ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاللاھ قۇرئاندا: «مۇئمىن ئاياللار مۇئمىن ئەرلەر ئۈچۈندۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىسلىرىمىزدىمۇ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىمىزنى تاللاشتا، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ دىندار ياكى ئەمەسلىكىگە قاراشنىڭ بىزگە ئىككىلا ئالەمدە بەخت ئېلىپ كېلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. تاللاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتەشكە تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىش، زىممىمىزگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتلەرنى ئاللاھ رازى بولىدىغان شەكىلدە ئۆتەش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن.

ــ ھەقىقەتەن بىلمەيدىغىنىڭ يوقكەن جۇمۇ!

[1] سۈرە ئەسىر.

ــ بەك ئاشـۇرۇۋەتتىڭ، بىـرنەچچە كىتـاپ كـۆردۈم شـۇ، باشـقا ئىلىمنىڭ تايىنى يوق ھەم كىتاب ئوقۇش بىلەنلا ئىش تۈگىمەيدۇ. ئەڭ مـــۇھىمى، ئـــۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىـــيەتكە تەدبىقلىمـــاق، ئوقۇغانلىرىنىڭ تېگىگە يەتمەكتۇر.

ــ ھە راست، ساڭا دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن، دادام ماڭا بىر ئىش تېپىپتۇ. ئىش ھەققىدە بايانلار بارمۇ؟

ــ بولمامـدىغان. ئىـش ئەخلاقـى، زامـانىمىزدا بىزنىـڭ ئەڭ كـۆپ ئېھتىياجىمىز بولغان ئىنتايىن مۇھىم بىـر نۇقتىـدۇر. ئەگەر بىـز ئـاللاھ بۇيرۇغـــان «ئـــش ئەخلاقـــى»غـــا رىئـــايە قىلمىســـاق، ئـــۇ ھالـــدا جەمئىيىتىمىزدە نامراتلىق، جىنايەت، ئوغرىلىق، قويمىچىلىـق قاتـارلىق يامان ئىللەتلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ.

دەل شــۇ چاغــدا، ئۆمەرنىــڭ يېزنىســى قولــدا بىــر كونــۋېرتنى كۆتۈرگەن ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ چىرايلىرى تۇتۇلـۇپ كەتـكەن بولـۇپ، بىـر ئىشـقا ئاچچىقلىنىۋاتقـانلىقى چىقـىپلا تـۇراتتى. يېزنىسى كونۋېرتنى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ئاتتى ۋە تېرىككەن ھالدا:

ــ مـاۋۇنى ئـاله! ئەتىـدىن ـ كەچكىـچە سـېنىڭ كەينىڭـدىلا يۈرەمدىم، ئەسكەرلىك ئۇقتۇرۇشۇڭ كەپتۇ!

ــ ئـاۋارە بولمىســـڭىزمۇ بـــوپتىكەن، كەچـــتە ئـــۆيگە بارغانـــدا كۆرسەممۇ بولاتتى ئەمەسمۇ، ــ دېدى ئۆمەر.

ــ مەن سېنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭنى نەدىن بىلەي، كىم بىلىدۇ قايسى ھىزبۇللاھچى بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرگىنىڭنى! مېنىڭ ئـائىلەمنى

پاراكەندە قىلىۋاتقان بۇ ھىزبۇللاھچىلارنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلمىسام بولمىدى.

ــ بۇ گەپلەرنى ئۆيدە قىلىشساق قانداق؟

ــ سەن بېشىڭ قايغان، پۇتۇڭ تايغان يەرلەردە يۈرۈپ، ئۆيگىمۇ ۋاقتىدا كەلمەيۋاتساڭ، سېنى تاپقىلى بولامتىمۇ؟ ــ دېدى يېزنىسى ۋە كەيىنگىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

ئۆمەر فارۇق يېزنىسى كەتكەندىن كېيىن، لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قالدى. يۇنۇس كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا:

ــ كەچۈرگىن، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىم، ــ دېدى.

ــ كەچۈرۈم سورىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. دېدىمغۇ، بىزنىڭ دۇنيا قاراشلىرىمىز ئايرىلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرىدا زىددىيەت تۇغۇلدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېلىپ بىزار قىلماسلىقىم كېرەك ئىدى. مەن ھازىر مۇشۇ ئىشقا چارە ئىزدەۋاتىمەن.

ــ ئەسكەرلىك ئۇقتۇرۇشۇڭ كەپتۇ، مۇبارەك بولسۇن، ــ دېدى يۇنۇس.

ئۆمەر فارۇق جاۋاپ بەرمىدى. بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭغا دېسىمۇ ئۇ بەربىر چۈشەنمەيتتى، بەزى ئىشلارنى يەنىلا توغرا كىشىگە، مۇۋاپىق زاماندا دېيىش ئەڭ ئاقىلانە چارە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆمەر سۈكۈت قىلىشنى لايىق كۆردى. ئۇ كونىۋېرتنى ئېچىپمۇ كۆرمىدى، چۈنكى ئەسكەرلىككە بارماي ئامالى بولمىغاندىن كېيىن، ئەسكەرلىكنى نەدە قىلىش ئۇنىڭغا بەربىر ئىدى.

ئۆمەر ئاخىرى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ:

— ھە راست، ئىش تاپتىم دەۋاتاتتىڭ، مۇبارەك بولسۇن! نېمە ئىشكەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر جاۋاب بەردى:

— بىر خۇسۇسىي شىركەتتە بوغالتىرلىق قىلغۇدەكمەن.

— يېڭى ئىشىڭ ياراشقاي.

— رەھمەت. سەندىن بىر ئىشنى سورىسام بولامدۇ؟

— سورىغىن.

— سېنىڭ شەخسىي ئىشىڭنى سورىماقچىدىم. سېنىڭ سۆيگىنىڭمۇ سەن بىلەن ئوخشاش كۆز قاراشتىمۇ؟

— سۆيگىنىم؟

— ھېلىقى كۈنى بېكەتتە دېيىشكەن ئىدۇققۇ...

— ھە، ئۇ ئىشنى دەمسەن، شۇنداق، مەن ئۇنى سۆيىمەن. ئۇنىڭغا ھەقىقىي سۆيگۈمنى بېرىپ، ئوتىدا كۆيۈشنى خالايمەن، ھەتتا بۇ يولدا جېنىمنى بېرىشكىمۇ تەييارمەن. ئەمما ئۇنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، سۆيگۈڭنى ئۇنىڭغا ئېيتىپلا قۇتۇلغىن. شۇ چاغدا ئۇنىڭمۇ سېنى سۆيىدىغان ياكى سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلەلەيسەن. بولمىسا ساڭمۇ ئۇۋال ساڭمۇ نېمە جاپا؟!

— ھەي، جېنىم ئاغىنە! مەن دېمىسەممۇ ئۇ مېنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى مەندىنمۇ ياخشى بىلىدۇ، ھەتتا مېنىڭ سۆيگۈمنىڭ

راست ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن جىنىمدىن كىچىپ كىچەلمەيدىغانلىقىمدىن تارتىپ بىلىدۇ.

ــ ئۇنداقتا ئۇ نېمە دەيدۇ؟

ــ مەن ئۇنىڭ قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ــ بىرەرسىنى ئارىغا قويۇپ باقساڭ بولامدۇ؟ ساڭا ھەقىقەتەن ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

ــ ئاللاھ بىلەن قۇلنىڭ ئارىسىدا ئەلچىلىك قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

يۇنۇس شۇ چاغدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك بولۇپ:

ــ قارا سېنى! سەن «سۆيگىنىم» دېسەڭ مەن تېخى باشقىچە ئويلاپ يۈرۈپتىمەن، ــ دېدى.

ــ بىز ھەممە نەرسىگە ماددا نۇقتىسىدىن قاراشقا كۆنۈپ كەتتۇق.

ــ ئېيتقىنىڭ ئورۇنلۇق. ئەمسە بىزنىڭ ھاياتىمىزدا ئايال كىشى بولماسلىقى كېرەكمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە بولۇشى كېرەك. لېكىن مەن يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەندەك، قائىدە ـ پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلغان ئاساستا بولسا بولىدۇ. مەسىلەن، مۇھەببەتلىشىشنى ئېلىپ ئېيتايلى، ئىسلامي نۇقتىدىن باقمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ خاتا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ. يەنى بىرسى بىلەن مۇھەببەتلىشسەن، چىقىشالمىساڭ ئايرىلىپ كېتىسەن ۋە باشقىسىنى تاپىسەن. ئاخىرىدا شۇ كىرلەنگەن ئۆتمۈشۈڭ

بىلەن يەنە باشقىسىغا ئۆيلىنىسەن. بىر مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا بۇلغانغان بىر ئۆتمۈش بىلەن بېرىش توغرىمۇ سەنچە؟

— سەن پەقەت مۇھەببەتلىشىپ باقمىغانمۇ؟

— مەن ھىدايەت تېپىشتىن بۇرۇن مۇھەببەتلەشكەنىدىم. ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، مەن يۈرگەن قىزغا: «مەن بىلەن بۇ يولغا كىرگىن. مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى تاشلاشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭ، بىز بۇ ئالەمدىلا ئەمەس، ئۇ دۇنيادىمۇ بىرگە بولالايمىز» دېدىم.

— ئۇ نېمە دېدى؟

— ھاياتىنى ئۆزى بىلگەنچە ياشاشنى خالايدىغانلىقىنى، مېنىڭ ئىسلام يولىنى تۇتقىنىم ئۈچۈن مېنى ئەمدى ياخشى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ... ۋەھاكازالارنى دېدى. ئويلاپ باققىنە، ھەقىقىي سۆيگۈ مۇشۇنداق بولامدۇ؟ ھازىرقى ياشلارنىڭ قىلىۋاتقانلىرى، نەپسى ۋە ئىستەكلىرىنى قاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

— ۋاي ئىست!

— نېمىگە ئۇنداق دەيسەن؟

— سىلەر ئايرىلىپ كەتتىڭلارمۇ؟

ئۆمەر جاۋابەن:

— ئاللاھ قۇرئاندا، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھسىز مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ۋە مۇسۇلمانلارغا

هاياتىنى بۇنىڭغا ئەمەل قىلغان ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇپ، «تاپتىن چىقماسلىق» قا چاقىرغان. نەپس ۋە شەيتاندىن ئىبارەت ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنلەردىن ھەر ۋاقىت ھوشيار تۇرۇشقا ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كىمنىڭ سۆيۈشكە ئەڭ ئەرزىيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن، ــ دېدى ۋە تۆۋەندىكى ئايەتنى ئوقۇدى:

ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتاڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭلار (ھەممىدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن ئاللاھتىن، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى ئاللاھنىڭ ئەمر (يەنى مەككىنى پەتھى قىلىش ئىزنى) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ چەك ـ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.»[1]

ــ بۇ ھەقىقەتەن تەس ئىشكەن، سەن قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانسەن؟

---

[1] سۈرە تەۋبە 24 ـ ئايەت.

ــ تەس دېسەڭ تەس، قولاي دېسەڭ قولاي. چۈنكى ئاللاھ بىزگە نەپس ۋە شەيتاندىن ئىبارەت دۈشمەنلەرنى يېڭىشكە لازىم بولغان ئەڭ مۇھىم قوراللىى، يەنى ئەقىل، ئىمان ھەم ئىرادىنى بەرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئىش قىلغاندا ئەقلىمىزنى ئىشلىتىپ، كېيىنكى پۇشايماندىن ساقلىنىشىمىز كېرەك.

ــ بۈگۈن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، رەھمەت ساڭا. لېكىن دەيدىغان گەپلىرىم تېخى تۈگىمىدى. مەسىلەن، مېنىڭ موماموۇ دائىم ساڭا ئوخشاشلا سۆزلەيتتى، ئەمما بىزنىڭ ئۆيدە ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى.

ــ موماڭ ھازىر نەدە؟ ئالەمدىن ئۆتتىمۇ؟

بۇ سوئالدىن يۇنۇسنىڭ يۈرىكى ئۆرتەندى:

ــ ياق، لېكىن..... بولدىلا، بۇ ئىشلارنى كېيىن پاراڭلىشايلى. مەن نۇرتەن بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، كەچ قالماي، ــ دېدى ۋە بىرئاز تۇرۇۋېلىپ:

ــ مېنىڭمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىم ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويارسەن، ــ دېدى.

ئىككىسى قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

* * * * *

يۇنۇس بىلەن ئۆمەر فارۇق خېلىلا ئىجىل دوستلاردىن بولۇپ قالدى. يېقىندا ئەسكىرىي مەجبۇرىيەتنى ئۆتەشكە ماڭماقچى بولغان

ئۆمەر فارۇق بەزىبىر رەسمىيەتلىرىنى بىجىرمەكچى بولۇپ سىرتقا چىققانىدى. قايتىشىدا يۇنۇسنىڭ ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى:

ــ ئوھوي يۇنۇس، يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟ مەرھابا!

ــ مەرھابا ئۆمەر!

ئىككى دوست قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. يۇنۇس:

ــ مەن ئىشقا چۈشتۈم، بىر تەرەپتىن توي تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. شۇڭا ساڭا يولۇقالمىدىم. ئۆزەڭ قانداقراق تۇردۇڭ؟

ــ خۇداغا شۈكۈر، ياخشى. ئەسكەرلىك رەسمىيەتلىرىنى پۈتتۈرۈش بىلەن ئاۋارىمەن. ئاپرىلدا ماڭىمەن.

ــ ئاپرىلدا مېنىڭ چاي ئىچۈرۈش مۇراسىمىم بار ئىدى. سېنىڭ مېڭىش ۋاقتىڭغا توغرا كېلىپ قالماس، ئىنشائاللاھ!

ــ چاي ئىچكەچ بىر ئاز پاراڭلىشايلىمۇ؟

ــ ھە راست. ساڭا باغنىمنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئىسمىنىڭ بارىدا بىرىنۋىتەي.

ــ مۇبارەك بولسۇن! قاچانغا توغرىلىدىڭ؟

ــ ئاپرىلنىڭ 2 ـ ھەپتىسى. كېلىدىغانسەن ـ ھە؟

ــ ئەلۋەتتە، ئەمما ئاۋۋال قانداق ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىغا قارايمەن.

ــ مۇراسىم زالىدا ئۆتكۈزمەكچى. نۇرتەن: «سەنئەتچى كەلمىسە زادى بولمايدۇ» دەپ تۇرۇۋالغاندى، مىڭبىر تەستە بۇ نىيىتىدىن ياندۇردۇق.

ــ شۇنداقمۇ؟ ـ دېدى ئۆمەر فارۇق كۆڭلى غەش بولغان ھالدا.

ــ قارىغاندا كەلمەيدىغاندەك تۇرىسەن، مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى پەرەز قىلغانىدىم. ئەمما كېلىشىڭنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. سېنىڭ ئىشلىرىڭ پۈتتىمۇ؟

ــ پۈتۈپ قالدى. بۇ ئاخشام سېنى بىر يەرگە ئاپىرايمۇ؟

ــ نەگە ئاپىرىسەن؟

ــ ھازىرچە مەخپىي.

ــ بولىدۇ ئاغىنە. مەن سېنىڭ بىلەن بىللە جەھەننەمگىمۇ بېرىشقا رازى.

بۇ گەپتىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئۆمەر فارۇق:

ــ ھەيھات! ھەرگىز ئۇنداق دېمىگىن. بۇ دۇنيادا ھېچكىم ئاللاھتىن يىراقلاپ كېتىشكە پېتىنالىغۇدەك دەرىجىدە ئالىي مەرتىۋىلىك ئەمەس. ماڭا قارا يۇنۇس، بۇ ھاياتتا ئۈچ نەرسىگە چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلار: ئىمان، نىكاھ ۋە تالاق.

ــ نېمە؟ تالاق دېگىنىڭ نېمىسى؟

ــ تالاق دېگەن، ئايالىنى قويۇۋېتىشنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسان بەزىدە بىلىپ ـ بىلمەي شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇكى، شۇ بىر ئېغىز سۆزنىڭ كاساپىتىدىن دىنىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ. ئاللاھ ساقلىغاي! شۇنىڭ

ئۇچــۇن، ئاللاھنىــڭ دىنـــى ھەققـــدە ھەرگـــز قالايمىقـــان سۆزلىمەسلىكىمىز لازىم. بىلمەستىن دەپ سالغان بولساقمۇ، شۇ بىر ئېغىز سۆز بىزنى كاپىر قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

ــ نېمىشقا بۇنچىۋالا ئالاقزادە بولىسەن؟

ــ چۈنكى ئىمان مەسىلىسىگە چاقچاق قىلىشقا بولمايدۇ.

ــ ھەقىقەتەن ئاجايىپ ئادەم ئىكەنسەن. ھېچكىم سېنىڭدەك غەم يېمەسمىكىن دەيمەن.

ــ نېمە غەم دەيسەن؟

ــ ئاخىرەتنىڭ، دىنىنىڭ غېمىچۇ؟ ئاغىنە، سەن پۈتۈن ھاياتىڭنى دىنىــى مەركەز قىلغــان ھالــدا ئورۇنلاشــتۇرۇپ بولۇپســەن. بۇنىغــۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەمما بەزى مەسىلىلەردە ...

ئۆمەر فارۇق ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ ســېنىڭچە بولغانــدا، بەزى ئىشــلىرىم دىنىــي، بەزى ئىشــلىرىم دىنسىــز بولسا بولىدىكەنــدە؟ ئــۆزىنى مۇسۇلمان دېــگەن ئــادەمگە بــۇ يارىشامدۇ؟

يۇنۇس لام ـ جىم دېمىدى. ئۆمەر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ يۇنــۇس! ئــاللاھ تائــالا بىــزگە ئەۋەتــكەن دىنىنــى ئــۇ قەدەر مــۇكەممەل تاماملىغــانكى، ئــۇ پۈتكــۈل ئىنســان ھاياتىنى ئــۆز ئىچىــگە ئالىدۇ ۋە ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق مەسىلىگە جاۋاب بېرىدۇ.

ــ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالامدۇ؟

ــ شۇنداق.

ــ ئۇنــداقتا، ســەن دۆلىتىمىزنىڭمــۇ دىنىــي دۆلەت بولۇشــىنى خالايدىكەنسەندە؟!

ــ سەن دىنىسىز دۆلەتنى خالامتىڭ؟

ــ ئۇنــداقمۇ ئەمەس، مەن... ئىشــقىلىپ هــازىر دەۋر ئــۆزگەردى. شۇڭا دىنمۇ دەۋرگە ماسلىششى كېرەكمىكىن دەپ ئويلايمەن...

ئۆمەر فارۇق يۇنۇسنىڭ سۆزىنى كېسىپلا:

ــ سەنچە ئىسلام دىنى ۋە ئاللاهنىڭ ئەمرلىرى دەۋرىمىزگە ماس كەلمەيدىكەندە؟! ئۇنداقتا، ئىنسانلار تۈزگەن زامانىۋىي قانۇنلار نېمە ئۈچۈن نامراتلىقنىڭ، ئاچلىقنىڭ، ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ؟ قېنى ئېيتە، ئىنسانلارنىڭ قانچە پىرسەنتى بەختلىكتۇر؟ ئوخشاش بىر مەسىلىدە ئاللاهنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ چىقارغان هۆكمىدىن قايسىسى توغرا ۋە ئادىل ئىكەنلىكىنى تارتىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەخمىقانىلىق ئەمەسمۇ؟ - دېدى.

ــ هەقىقەتەن جېنى بار گەپ قىلدىڭ. بىز بۇلارنى بىلمەيمىز، بىلەلمەيمىز. چۈنكى بىزگە بۇلار ئۆگىتىلمىدى، ئاللاهنى ۋە ئۇنىڭ دىنىنى تونۇتمىدى. ئاللاهنى هەقىقىي تونۇغان ئىنسان ئاللاهتىن يىراقلىشىدىغان ئىشنى قىلامدۇ؟ ئەلۋەتتە قىلالمايدۇ.

يۇنۇسنىڭ بۇ سەممىي سۆزلىرى ئۆمەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. ئۇ قولىنى يۇنۇسنىڭ مۈرىسىگە دوستانىلارچە قويۇپ تۇرۇپ:

ــ تــوغرا دەيســەن، ئــاغىنە. هــازىرقى تــۈزۈلمىز ئــاللاهنى تونۇيالماســلىقىمىز ئۈچــۈن مەخســۇس قۇرۇلغــان. ئەممــا شــۇنى

ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھنىڭمۇ تۈزۈلمىسى بار. ئەگەر بىراۋلار بىزدىن ھېساب سورىغۇدەك بولسا، ئاللاھنىڭمۇ ئەينەن شۇ ھېسابنى بىزدىن سورايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

— مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقان بىر مەسىلە بار ئىدى، سوراشقا ئىككىلىنىۋاتىمەن.

— سوراۋەرگىن، ئەمما مېنىڭ بىلىدىغانلىرىم چەكلىك بولغاچقا، جاۋاب بېرەلمەسلىكىم مۇمكىن.

— مەن سېنىڭچىلىك بىلگەن بولسام بولاتتىغۇ. ھە راست، بۇ ئاخشام مېنى نەگە ئاپارماقچى؟

— مەخپىي دېدىمغۇ؟ لېكىن بەك بىلىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتقان بولساڭ، دەپ بېرەي. مۆمىن ئاكىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن.

— سەن پورتىمالنى تېپىۋالغان ھېلىقى ئادەممۇ؟

— بولىدۇ، سائەت نەچچىدە كۆرۈشىمىز؟

— ئاخشام سائەت سەككىزدە، چىنار بېكىتىدە ئۇچرىشايلى.

ئۇلار قول ئېلىشىپ خوشلاشتى. ئۆمەر يۇنۇسنىڭ ئارقىسىدىن زوقلىنىپ قاراپ قالدى. يۇنۇس تېخى ئۇزاقلاشماي تۇرۇپلا، ئۆمەر:

— ئاغىنە، شۇنى ئۇنتۇپ قالما، ئېتىزنىغا تەر تۆكمىگەن دېھقان كۆزدە ھوسۇل ئالالمايدۇ. بۇ زېمىن دۇنيا ئىشلىرىنىڭ، دۇنيا بولسا ئاخىرەتنىڭ ئېتىزىدۇر، - دەپ ۋارقىرىدى.

يۇنۇس كەينىگە بۇرۇلۇپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قولىنى پۇلاڭلاتتى. ئۆمەرمۇ ئىشىغا ماڭدى.

. . . . .

ئاخشام ۋاقتى، ئۆمەر فارۇق ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ھەدىسىنىڭ قېينانىسى كەلگەن بولۇپ، ھەممىسى بالكوندا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. يېزنىسى ۋە ھەدىسىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۆمەر ساباھەت خانىمغا يىراقتىنلا:

ــ خۇش كەپسىز، ـ دېدى. ساباھەت خانىم جاۋابەن:

ــ رەھمەت. بەك كاتتا بولۇپ كېتىپسەن، بۇرۇنقىدەك كېلىپ كۆرۈشىدىغان، ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ئىشلارمۇ يوق.

ئۆمەر فارۇق ئۈن چىقماي ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھەدىسى بېلىق كاۋىپى قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر قانچە تالنى پىشۇرماي ئېلىپ قويغانىدى. ئۆمەر بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، ناننىڭ ئارىسىغا بىر پارچە ئىرىمچىكنى قىستۇرۇپلا، قورسىقىنى ئەستەرلىۋالغاندىن كېيىن، بالكونغا چىقىپ يېزنىسىگە:

ــ تالاغا چىقىپ بىر ئاز ئايلىنىپ كىرەي، ـ دېدى ۋە جاۋابىنى كۈتمەيلا ئۆيدىن چىقتى. ئۇ يۇنۇس بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان جايغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئۆيدە ئۇنىڭ غەيۋىتى بولۇۋاتاتتى. ساباھەت خانىم پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئوغلىغا:

ــ سەن نېمە دەپ بۇ بالىنىڭ دەردىنى تارتقۇدەكسەن؟ ئىككىڭلار بۇنى ياخشى كۆرگەچكىلا مەن بىر نېمە دېمىگەنىدىم. لېكىن مەن سېنى خەقنىڭ بالىلىرىغا دادا بولسۇن دەپ چوڭ قىلمىغان. بۇنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىسەن؟ تېخى ئەتە ـ ئۆگۈن ئەسكەرلىككە

باردۇ، تويى قىلىدۇ. بۇ پۇتمەس ـ تۈگىمەس ئىشلار سېنىڭ بېشىڭغا قالىدۇ، ـ دېدى. ئۆمەرنىڭ ھەدىسى تاقەت قىلالمىدى:

ــ ئاپا! تەرىقەتچىلەرگە ئارىلاشقانلىقىغا مەنمۇ قارشى. ئەمما ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلمايلى. ئۇمۇ تاپقان پۇلنى ئۇدۇل ئەكېلىپ، بىزنىڭ قولىمىزغا تاپشۇرىدۇ. قېينانىسى كېلىنىنىڭ سۆزىگە قارشى چىقتى:

ــ ھە، شۇنداقمۇ تېخى؟ ئەمىسە مېھمانخانىدا بىر كېچە يېتىپ باقسۇن، قانچە پۇل تاپشۇرىدىكىن؟!

ئۇلار بۇ پاراڭ بىلەن سائەت 11 گىچە ئولتۇرۇشتى. ئۆمەرنىڭ تېخى قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى پۇرسەت بىلگەن ساباھەت خانىم ئوغلىنى راسا كۆشكۈرتتى.

بالكوندا شۇ سۆزلەر بولۇۋاتقاندا، ئۆمەر قايتىپ كەلدى ۋە ئاستاغىنە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۆمەرنىڭ ھەدىسى ئىشىكنىڭ ئېچىلغىنىنى تۇيۇپ قېلىپ، بالكوندىن ئىچىگە كىردى. ئۆمەرنىڭ ھۇجرىسىنىڭ چىرىغى يېنىق تۇرغىنىنى كۆرگەن ھەدىسى ھۇجرىغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كىرگىنىچە:

ــ بەس! ئارامىمىزنى بۇزۇۋشۇڭغا ئەمدى يول قويالمايمەن، ـ دەپ ۋارقىرىدى. ئۆمەر داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان يېزنىسى بىلەن ئاپىسى يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كېلىشتى. يېزنىسى ئۇدۇل كېلىپ، ئۆمەرنىڭ تەستىكىگە بىرنى سالدى. ئۆمەر دەرھال يېزنىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ:

ــ نېمە بولدى، نېمشقا ئۇرسەن؟ ـ دەپ سورىدى. يېزنىسى غەزەپ بىلەن:

ــ سېنىڭ دەردىڭنى قاچانغىچە تارتىمەن؟ قىلغان ئىشلىرىڭغا بۈگۈنگىچە ھېچنېمە دېمىدىم، ئەمدى تەرىقەتچىلىكنىڭ تۈتتى، بۇمۇ يەتمىگەندەك، ئەتە ئەسكىرىي مەجبۇرىيىتىڭ، ئۆگۈن تويۇڭ چىقار. مەن سېنىڭ جەددى ـ جەمەتىڭگە ئۆيلەندىمۇ؟ ـ دېدى.

ئۆمەر ئەمدى ھەممىنى چۈشەندى. دېمەك، ئەسكەرلىك چىقىمى بۇلارغا ئېغىر كېلىۋاتاتتى. «ئاپلا!» دېدى ئىچىدە: «كاشكى ھەر ئايلىق مائاشىمدىن ئازراق ئايرىپ قويغان بولسامچۇ؟ خەير، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، بىر گەپ بولۇپ قالار...». ئۆمەرنىڭ خىياللىرى يېزنىسىنىڭ ئىككىنچى تەستىكى بىلەن كېسىلدى. يېزنىسى:

ــ ئائىلەمنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا ھەققىڭ يوق، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى.

كەچ سائەت 12 بولۇپ قالغانىدى، ئۆمەر فارۇق چاپىنىنى ئېلىپ، گەپ ـ سۆزسىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ھاۋا سالقىن ئىدى، بۇ كېچىدە نەگە بېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. بىر ئاز مەقسەتسىزلا كوچا ئايلانــدى، بايــا ئۆيــدە بولــۇپ ئــۆتكەن ئىشــلار كاللىســىنى چۇلغىۋالغانــدى. مەھەللىــدىكى باغچىغــا كىــردى ۋە بىــر ئورۇنــدۇققا كېلىپ ياتتى. كۆككە باقتى، ئوچۇق ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۆمەرگە:

ــ سەن يالغۇز ئەمەس، بىز ساڭا ھەمراھ، ـ دېگەندەك جىمىرلىشاتتى. ئۆمەر قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى بىلمىدى. ئويغانغىنىدا، ئىشقا بارىدىغانغا 15 مىنۇت قالغانىدى. ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، پۈتۈن ئەزايىنىڭ ئۇرۇپ ـ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتقىنىنى سەزدى. دۇكانغا يېتىپ بارغىنىدا، يەنە بىر كۆڭۈلسىز ئىشقا دۇچ كەلدى. يېزىنىسى قاق سەھەردە ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى، بىر ئەديال، ئەسكەرلىك رەسىمىيەتلىرى ۋە بىر نەچچە تال كىتابنى دۇكانغا تاشلاپ قويۇپ كەتكەنىدى. ئۆمەر تۈنۈگۈن ئاخشام مۇئمىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىكى دەرسنى ئېسىگە ئالدى. دەرس دەۋا يولىدىكى قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇلارغا سەۋر قىلىش مەزمۇنىدا ئىدى. يادىغا بىلال، ئەممار، ھەبباب، سۇمەييەلەر كەلدى. پەيغەمبىرىمىزچۇ تېخى؟ ئۇنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمىگەنىدى؟ ئوقۇغان تارىخي بىلىملەر ئۆمەرنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا جانلىنىشقا باشلىدى.

ئۆمەر:«ھەسبۇنەللاھۇ ۋەنىئمەل ۋەكىل» (ئاللاھ نېمىدېگەن ياخشى ئىگە) دېدى ۋە كۆندىلىك ئىشىنىڭ بېشىغا ئۆتتى. قولى ئىشتا بولسىمۇ، كاللىسىدا توختىماي ئامال ئىزدەيتتى. ئاخىرى، خوجايىنىنىڭ يېنىغا چىقىپ، بىر كۈنلۈك رۇخسەت سورىدى. خوجايىنى ئەمىن ئەپەندى كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆمەرگە:

ــ ماڭا قارا ئوغلۇم! ـ دېدى ۋە ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن داۋام قىلدى:

ــ قولۇمدا ئىشلەۋاتقىنىڭغا خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى. ئىش ئەخلاقىڭ بولسۇن، سەممىيلىكىڭ بولسۇن، مېنى تولىمۇ سۆيۈندۈردۇ. سېنىڭ ئەسكەرلىككە بارىدىغىنىڭغا ئاز قالدى. مەن بۈگۈن ئىش ھەقلىرىڭنى تولۇق بېرىپ، سېنى ئۇزىتىپ قوياي. مېڭىشتىن بۇرۇن ياخشىراق ئارام ئېلىۋالغىن. ئۆمەر:

ــ ھەققىم بولمىغان پۇلنى ئالسام قانداق بولىدۇ؟ - دېدى.

ــ مەن ساڭا پارا بەرمىدىم، سوۋغات بېرىۋاتىمەن. سوۋغات ئېلىش سۆننەتقۇ؟!

شۇنداق قىلىپ خوجايىنى ئۆمەرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىش ھەققى ۋە ئازراق پۇلنى قولىغا تۇتقۇزدى ۋە:

ــ ئەسكەرلىكتىن كېلىپ ئىشلىمەكچى بولساڭ، ساڭا ھەر ۋاقىت ئىشىكىم ئوچۇق، - دېگەننى قوشۇپ قويدى.

ئۆمەر خوجايىنى بىلەن خوشلىشىپ، دۇكاندىن چىقتى. ئۇ كېتىشىگىلا يۇنۇس كەلدى. ئۇ ئاخشام كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆمەردىن كەچۈرۈم سورىماقچى ئىدى. ئۆمەرنى تاپالمىغان يۇنۇس روھى چۈشكەن ھالدا قايتىپ كەتتى، ئويچان ۋە پەرىشان كۆرۈنەتتى. خىيالىدا: «ئەجىبا، ئۆمەر مېنى نېمىدەپ ئويلاپ قالغاندۇ؟ قەستەن كەلمىدى دەپ ئويلىغانمىدۇ؟ كاشكى ئۇنىڭغا ئاغرىپ قالغان مومامنى ساناتورىيەدىن ئەكېلىشكە كەتكەنلىكىمنى دېيەلىگەن بولسامچۇ؟!» دەپ ئويلايتتى.

ئاردىن 20 كۈن ئۆتتى. يۇنۇس ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە قېتىم تېلېفون قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىمدا يۇنۇسنىڭ يېزىنىسى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆيدە يوقلۇقىنى ئېيتقانىدى. بىر كۈنى، يۇنۇس ئىشخانىسىدا ئولتۇرغاندا، بولغۇسى ئايالى نۇرتەن كىرىپ كەلدى.

ــ مەرھابا جېنىم!

يۇنۇس بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ خۇش كەپسەن! ـ دېدى.

ــ رەھــمەت، قانــداقراق تۇرۇۋاتىســەن؟ مېنــى كــۆرۈپ خــۇش بولمىغان ئوخشىمامسەن؟

ــ ئۇنداق ئەمەس. ئەمما ئۇچاڭدىكى كىيىملەر كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمىدى.

ــ كىيىملىرىم نېمە بوپتۇ؟

ــ سۆيۈملۈكۈم! شۇ يوپكاڭنى ئازراق ئۇزارتساڭ بولمامدۇ؟ يەڭلىرىڭگە قارىغىنە! ئەڭ بولمىغاندا گاچا يەڭ بولسىمۇ كىمىنىڭ دەردى؟!

ــ يەنە شۇ گەپمۇ؟ ساڭا بۇ كۈنلەردە نېمە بولدى؟ بارغانسېرى ئاخۇنۇملاردەك بولۇپ كېتىۋاتىسەن.

يۇنۇسنىڭ ئاچچىقى كەلدى:

ــ سېنى كۈنلىگىنىم گۇناھمۇ؟ ئەلۋەتتە كۈنلەيمەن. كاشكى ئاخۇنۇم بولالىسامچۇ؟ مەن ماڭا تەئەللۇق بولغان نەرسىنى باشقىلارنىڭمۇ كۆرۈشىنى خالىمايمەن.

ــ ئەمما مەن سىنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. مىنى قىستاۋەرمەي، ئازراق ۋاقىت بەرگىن!...

نۇرتەنىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئىشخانىنىڭ ئىشىكى چېكىلدى. ئىشىكنى ئاچقان يۇنۇس كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى ئىشىك ئالدىدا ئۆمەر فارۇق تۇراتتى. يۇنۇس قوللىرىنى كېرىپ:

ــ دوستۇم، خاتا كۆرۈپ قالمىغاندىمەن؟ خۇش كەپسەن! ـ دېگىنىچە ئۆمەرنى قۇچاقلىدى. ئۆمەر ئىشخانىدا ئولتۇرغان نۇرتەننى كۆرۈپ ئوڭايسىزلانغاندەك:

ــ كەچۈرگىن، بىمەزگىل كېلىپ قالدىممۇ نىمە؟ ـ دەپ ئارقىسىغا بىر نەچچە قەدەم چېكىندى. يۇنۇس:

ــ ئۇ نىمە دېگىنىڭ؟ سىنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. نەلەردە يۈرىسەن؟

نۇرتەن ھەيران بولدى. ئەجىبا، بۇ كېلىشكەن يىگىت كىم بولغىيدى؟ يۇنۇس نىمىشقا ئۇنىڭغا ئۆزىدىنمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ؟ يۇنۇسنىڭ بۇ ھاياجىنى نۇرتەنىنىڭ دىققىتىنى تەبىئىي ھالدىلا ئۆمەر فارۇققا بۇرىغانىدى.

ئۆمەر ئىشخانىغا كىرىشنى خالىمىغاچقا، يۇنۇس كارىدورغا چىقتى. ئىككى دوست يەنە بىر ھازا قۇچاقلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆمەر فارۇق ئېغىز ئاچتى:

ــ ئەسكەرلىككە ماڭىدىغان بولدۇم، شۇڭا سەن بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم.

ــ شۇنداقمۇ؟ جۇدەپ قاپسەن. كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟

ئۆمەر دەرھال گەپنى يۆتكىدى:

ــ مەندىن رازى بولغىن! ئىنشائاللاھ، يەنە كۆرۈشەرمىز.

ــ مەن سەندىن كەچۈرۈم سورىماقچى ئىدىم. ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى ئىستانبۇلغا بارىدىغان بولۇپ قېلىپ كېلەلمىدىم. ئەتىسى سېنى ئىزدەپ كەلسەم، سەن يوق ئىكەنسەن. كېيىن سۈرۈشتۈرسەم، ئىشتىن ئايرىلىپسەن. سەندىن تولىمۇ ئەنسىرىدىم.

ــ كەچۈرگىن، بەك ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە ساڭا خەۋەر بېرەلمىدىم.

ــ مومام ياشانغانلار ساناتورىيەسىدە ئىدى، ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇنى ئالغىلى بارغانىدىم.

ئۆمەر ھەيران قالدى:

ــ موماڭ ساناتورىيەدىمۇ؟

ــ شۇنداق. بۇ توغرۇلۇق سەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ئۇزۇندىن بېرى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم، ئەمما ھېچ پۇرسەت بولمىدى. مېنىڭ موماممۇ خۇددى ساڭا ئوخشاشلا سۆزلەرنى قىلاتتى. لېكىن ئۇنى ئوقۇمىغان، نادان ئايال دەپ، ھېچكىم ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا

قىلمايتتى. راستىنى ئېيتسام، تاكى مومام ساناتورىيەگە كەتكۈچە مەنمۇ ئۇلاردەك ئويلاپ يۈرۈپتىكەنمەن.

ــ نېمە سەۋەبتىن ساناتورىيەگە ئاپىرىۋەتتىڭلار؟

ــ سەۋەبى جىق. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچبىرى ھەقىقىي سەۋەب بولالمايدۇ.

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ چۈنكى مومامنىڭ ئىسلامىي نەسىھەتلىرى تۈپەيلىدىن ئاپام بىلەن سىڭلىمنىڭ ھېچ ئارامى قالمىدى. بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىچى سىقىلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مومام بەك ئېسىل ئايال.

ــ ھە، مۇنداق دېگىن. ئەپسۇس، تولىمۇ ئەپسۇس. داداڭ بۇ ئىشقا قانداق رازى بولدى؟

ــ بىلمىدىم، بىلەلمىدىم. باشتا قوشۇلمىغانىدى، كېيىن ئاپام بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى كۆندۈردى.

ــ موماڭنى ھازىر ئۆيگە ئەكېلىۋالدىڭلارمۇ؟

ــ شۇنداق. ئەمما بىچارە مومام ئازابتىن تۈگىشىپلا كېتىپتۇ.

ــ داداڭنىڭ باشقا قېرىنداشلىرى يوقمىدى؟

ــ بولۇشىغۇ بار. لېكىن ئۇ دادامدىنمۇ بەتتەر. ئۆزى سوتچى، ئايالى سېپى ئۆزىدىن دىنسىز.

ئۆمەرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. ئىچىدە: «ئاھ، كاشكى مېنىڭمۇ ئانام ھايات بولغان بولسا، دۈمبەمگە يۆلەپ ھەجگە ئېلىپ بارماسمىدىم» دەپ ئويلىدى ۋە ئارقىدىنلا: «تەۋبە خۇدايىم! سېنىڭ

تەقدىرىڭگە قارشى چىقىپ، كاشكى ئۇنداق ئەمەس، مۇنداق بولسىچۇ دەپ ئويلاشقا نېمە ھەققىم؟ مېنى كەچۈرگىن!» دەپ پىچىرلىدى.

يۇنۇس:

— بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى، كېلەر - كەلمەي سىېنىڭمۇ كۆڭلۈڭنى بۇزدۇم. مەندىن رازى بولغىن ئاغىنە! بىرەر ھاجىتىڭ بولسا، چوقۇم مېنى ئىزدىگىن، بولامدۇ؟ ئەمىسە قايتىپ كەلگىنىڭدە كۆرۈشەيلى، - دېدى.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. يۇنۇس ئۆمەرنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يوْتكوْچە قاراپ تۇردى. ئۇ بۇ يىگىتنى تولىمۇ ياقتۇراتتى. بۇ ئەسنادا، نۇرتەن ئاستاغىنە يۇنۇسنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— مېنى ئۇنتۇپلا كەتتىڭغۇ؟ كىم ئۇ؟ - دەپ سورىدى.

— ئاغىنەم. ئىسمى ئۆمەر فارۇق. ئەسكەرلىككە ماڭماقچى ئىكەن، - دەپ جاۋاب بەردى يۇنۇس.

— نېمىشقا ماڭمۇ تونۇشتۇرۇپ قويمايسەن، خېلى كېلىشكەن يىگىتكەن جۇمۇ.

— ئۇ دىندار بىرى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ بىز دىنسىزمۇ ئەمىسە؟

— ئۇ بىزگە ئوخشاش ئاتالمىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي دىندارلاردىن.

يۇنۇس شۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقىنىدا، كۆزىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ سىرغىپ چۈشكىنىنى سەزمىگەنىدى.

* * * * *

ئۆمەر فارۇق ئەسكەرلىككە كەتكىلى ئالتە ئاي بولۇپ قالدى، پۇلى تۈگىگەچكە قىينىلىپ قېلىۋاتاتتى. ھەدىسى بىلەن يېزنىسى ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىر قېتىممۇ ئىزدەپ ـ سوراپ قويمىدى. ئۆمەر ھەتتا كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجلىرىنىمۇ قامدىيالمايۋاتاتتى. مەسىلەن، ساقال ئالماقچى بولسا، سۇخانىغا كىرىۋېلىپ، قەستەن ئۇنى ـ بۇنى قىلغان بولۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى ۋە ياتاقداشلىرى ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، ئەخلەت تۇڭىغا تاشلىۋېتىلگەن بىرتىۋالارنى ئېلىپ ئىشلىتەتتى. ئۇ ئەمدى چايخانىغىمۇ كىرمەس بولدى. چۈنكى ھەر قېتىمدا باشقىلارنىڭ پۇلىغا چاي ئىچىۋېرىشكە بولمايتتى. ئۆمەر بۇنچە قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىشكە قارىماي، ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىش ئۈچۈن، پۇرسەت بولسىلا، ھەتتا قاراۋۇللۇقتا تۇرغاندىمۇ پەرۋەردىگارىنى زىكىر قىلاتتى.

بۇ كۈنلەردە، يۇنۇسنىڭ تويىغىمۇ ئىككى كۈن قالغانىدى. نۇرتەن: «تويدا شامپان ئاچمساق بولمايدۇ» دەپ يۇنۇسنىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتاتتى. يۇنۇس باشتا قوشۇلمىغان بولسىمۇ، نۇرتەننىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئاخىرى ماقۇل بولدى. يۇنۇس بۈگۈن كەچلىك تاماقتىن كېيىن، مومىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە:

ــ جېنىم موما؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. جەملە موماي ئادەتتە ھۇجرىسىدىن ھېچ چىقمايتتى. ئۇ نەۋرىسىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ:

ــ خۇداغا شۈكرى، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. كۆڭلىرىم ۋۇسلەتنى كۆتۈش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئۇ كىم؟ بۇ ئىسمنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم.

ــ ۋۇسلەت ـ ئۇچرىشىش دېمەكتۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى جەملە موماي كۈلۈمسىرەپ.

ــ كىم بىلەن ئۇچرىشىسەن؟ ساناتورىيەدىكى بىرىمۇ يا؟

ــ تــوۋۋا دېگــن ئوغلــۇم! مەن ئاشــقلارنىڭ ئاشــقىدىن ســۆز ئېچىۋاتىمەن.

يۇنۇسنىڭ يادىغا دەرھال ئۆمەر فارۇق كەلدى ـ دە:

ــ ھە، ئەمدى چۈشەندىم، ـ دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بىلەمســەن؟ مېنىــڭ بىــر ئــاغىنەم بــار، ئۇمــۇ خــۇددى ســاڭا ئوخشاش گەپلەرنى قىلىدۇ.

ــ ئۇ ھازىر نەدە؟

ــ ئەسكەرلىككە كەتتى. موما مېنىــڭ تويۇمغىمۇ ئىككى كــۈن قالدى. بۇندىن كېيىن سېنى ھەر كۈن كۆرۈپ تۇرالمايدىغان بولدۇم.

ــ ئــاللاھ ئــاقىۋىتىنى خەيرلىــك قىلســۇن! تۇرمــۇش قــۇرۇش خۇشاللىنارلىق ئىش. ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئائىلىنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم

بولۇشى كېرەك.  چۈنكى ئائىلە مۇستەھكەم بولسا، جەمئىيەتمۇ مەزمۇت بولىدۇ.

ــ مەزمۇت ئائىلە قانداق قۇرۇلىدۇ؟

ــ ئالدى بىلەن توي قىلىشتىكى مەقسەت ئېنىق بولۇشى كېرەك. جېنىم بالام! نېمە ئۈچۈن توي قىلغىنىڭ تولىمۇ مۇھىم. ئەگەر نىكاھتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىسەڭ ۋە ئۇلىنى بۇ ئاساستا قۇرۇپ، تاملىرىڭنى ھەق تائالانىڭ پرىنسىپلىرى بىلەن قوپۇرۇپ، سۈننەت سۇۋاقلىرى بىلەن سۇۋىساڭ، مەزمۇت ئائىلە دېگەن شۇ. مەزمۇت ئائىلىنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن يەنە بىرى شۇكى، بۇ ئائىلىگە تامنىڭ ئۇلىنى كولايدىغان ئەمەس، بەلكى تەمكىن، ئائىلىسىنى ھەر ۋاقىت قوغدايدىغان بىرى كىرىشى كېرەك.

ــ سۆزلىرىڭنى چۈشەندىم، ئۆمەر فارۇقنىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەرنى ئاڭلىغانىدىم.

ــ ئۆمەر فارۇق كىم؟

ــ ئەسكەرلىككە كەتكەن ھېلىقى ئاغىنەم. ئەمما مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيۋاتقان بىر ئىش بار. بىز نېمە ئۈچۈن بەزى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلمايمىز ياكى قىلالمايمىز؟

ــ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسەن؟

ــ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى.

جەملە موماي چوڭقۇر بىر ئۇھسىنىپ:

ــ ھەي جېنىم بالام! بىلىش باشقا، ئىمان ئېيتىش باشقا. بىلىم باشقا، ئاڭ باشقا. ئىنسانىنىڭ بىلىمى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشمىگىچە، ئۇ بىلىملىرىنىڭ بىر تىيىنلىق قىممىتى يوق.

ــ توغرا دەيسەن موما، مەن شۇ توينى بىر ئۆتكۈزىۋالسام، نامازنى باشلايتتىم.

ــ ئوغلۇم! بىزنى دەل مۇشۇ «بۆگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويۇش» كېسىلى تۆگەشتۈرۈۋەتتى. ئوقۇشۇم پۈتسۇن، ئۇ ئىشىم تۆگىسۇن، بۇ ئىشىم تۆگىسۇن، ئەتە بولسۇن... دەيسەن، شۇنداق قىلىپ، قىلماقچى بولغان ئىشىڭنى تېخى باشلىماي تۇرۇپلا، «چاقىرىلمىغان مېھمان»نىڭ قاچانلاردا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالىسەن.

ــ ئۆلۈمنى دېمەكچىمۇ سەن؟

ــ شۇنداق. ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دېگەن: «تۈنۈگۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئەتە تېخى قاراڭغۇ. سەن بۆگۈننىڭ قىممىتىنى بىل!»

يۇنۇس چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. مومىسىغا قاراپ:

ــ موما! ھەيرانمەن، سەن بىلگەنلىرىڭنى نېمىشقا دادام بىلەن تاغامغا ئۆگەتمىدىڭ؟ ئۇلار نېمىشقا ساڭا ئوخشاش دىندار ئەمەس؟

يۇنۇسنىڭ بۇ سۆزلىرى جەملە مومىنىڭ يارىسىغا تۇز سەپتى. موماي چوڭقۇر ئۇھسىنىپ:

ــ ئۇلارنى تەربىيلەشتە ئەلۋەتتە مېنىڭمۇ سەۋەنلىكلىرىم بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئىنسان خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل يالغۇز ئائىلە تەربىيىسىلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي

مۇھىت، مائارىپ سىستېمىسى قاتارلىق ئامىللارمۇ ئىنسان خاراكتېرىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. داداڭنى ئۆيلەپ قويدۇق، لېكىن كېلىنىمىز داداڭنى توغرا يولغا باشلىيالمىدى ھەم باشلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ــ نېمىشقا؟

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «توي قىلغاندا، دىندارلارنى تاللاڭلار!» دېگەن. ئاپاڭ داداڭغا ياتلىق بولۇش ئۈچۈن بېشىغا ياغلىقنى يېرىم بولسىمۇ چىگكەندى ۋە تويدىن كېيىن ئىسلامىي پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى.

ــ چۈشەندىم، تاغامچۇ؟

ــ تاغاڭنى ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتسەك، دىنسىز بولۇپ قايتىپ كەلدى.

ــ بۇنداق دېمىگىن موما!

ــ بۇنداق دېيىش مەن ئۈچۈنمۇ ئاسان ئەمەس، لېكىن بۇ ئەمەلىيەت.

ــ تاغاملار ئەتە كەلمەكچى، ئۆزگەمۇ ئەرزۇرۇمدىن كېلىدىكەن... بولدى بۇ گەپلەرنى قويايلى، خەيرلىك كەچ موما!

ــ خەيرلىك كەچ بالام!

. . . . .

تۇركــان خــانىم گــرىم ئۇســتىلىنىڭ ئالدىــدا ئولتــۇرۇپ پەرداز قىلىۋاتــاتتى. بــۇ ئەســنادا ئىشــك قوڭغــۇرىقى چېلىنــدى. تۇركــان يولدىشىغا:

ــ ئاكىف، ئىشىكنى ئېچىۋەتكىنە. قاق سەھەردە كىـم كەلگەنـدۇ؟ بىنا خىزمەتچىسىدۇ ھەقىچان، ـ دەپ توۋلىدى.

ئاكىف ئەپەندى ئىشىكنى ئېچىپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي، ھاياجان بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

ــ خانىم، قارىغىنە كىم كەپتۇ؟! ئەتىۋارلىق قىزىم ئۆزگە.

دادىسى قىزىنى قۇچاقلىدى، يۈگۈرۈپ كەلگەن تۇركان خانىمۇ قىزىغا ئېسىلدى ۋە:

ــ جېنىم قىزىم، تازىمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ. چۈنكى بۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى يۇنۇس ئاكاڭنىڭ تويى بار. پۈتۈن ئىشنى تەق قىلىپ قويدى. چوقۇم بەك قىزىيدۇ، ـ دېدى.

ئــۆزگە ئاپىســىنىڭ گەپلىــرىگە ئــانچە ئېرەڭشــىپ كەتمىــدى ۋە تېمىنى يۆتكىدى:

ــ مومام قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇنى تولىمۇ سېغىندىم.

تۇركان خانىم جاۋاب بەردى:

ــ مومــاڭ تاغاڭنىــڭ ئۆيىــدە تۇرۇۋاتىــدۇ. ئاغرىــپ قــاپتىكەن، ساناتورىيەدىن ئېلىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە ئۆلۈپ ـ تارتىپ قېلىپ، مەتبۇئاتلاردا: «سوتچى ئەپەندىنىڭ ئانىسى ساناتورىيەدە ئۆلدى» دېگەن گەپنىڭ تارقىلىشىدىن قورقتۇق.

ئۆزگە ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىدىن يىرگىنىپ كەتتى. ئەرزۇرۇمدىكى نۇرجان ھەدىسىنىڭ: «بۇرۇنلاردا ئانىلار بېشىمىزنىڭ تاجى ئىدى، ئەمدىلىكتە يۈك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇ ئاتالمىش مەدەنىيەت، بۇ ئىدىيە بىزگە نەدىن يۇقتى؟» دېگەن سۆزلىرى ئېسىگە كەلدى.

ئۆزگە خىيالغا بېرىلىپ كەتكەچكە، ئاپىسىنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى. ئاپىسىنىڭ:

ــ ئۆزگە، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن. نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ ـ دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئېسىگە كەلگەن ئۆزگە:

ــ ياق، بەك چارچاپ كەتكەن ئوخشايمەن. يۇيۇنۇپ چىقىپ ئارام ئالاي، ـ دېدى.

ــ شۇنداق قىلغىن، ئارام ئېلىۋالمىساڭ بولمايدۇ. ئەتە بازارغا چىقىپ، ساڭا تويدا كىيىدىغان كىيىم ئالىمىز تېخى. شۇنداق بىر ياسانغىنىڭكى، خەقلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەيلى.

ئۆزگە يەنىلا ئۆز خىيالى بىلەن بەنت بولغاچقا، ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدى.

ــ دېمەك، مەتبۇئاتنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقتۇڭلار ـ ھە؟! ـ دەپ پىچىرلىدى.

ــ ئەلۋەتتە، قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن خۇدايىم ساقلىسۇن. بۇ خەق تۈگمىدەك ئىشنى تۆگىدەك كۆرسىتىپ، ئىنساننى يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋېتىدۇ.

ــ شۇنداقمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە شۇنداق.

ــ مەتبۇئاتنىڭ بېتەرەپ ئورۇندا تۇرماي، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇپ يازىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا گېزىت ئوقۇيسەن؟

ــ بىر كۈن گېزىت ئوقۇمىسا بىئارام بولۇپ كېتىدىغان ئادەم سەنمۇ، مەنمۇ؟

ــ مەن گېزىت ئوقۇمايلى دېمىدىم. يالغان خەۋەر يازمايدىغان گېزىت بولسا، شۇنى ئوقۇيلى دەۋاتىمەن.

ــ ئۇنداق گېزىتنى نەدىن تاپىمىز؟ بەزى گېزىتلەر دىن تەرەپدارى، بەلكىم ئۇلار يالغان يازماس، كىم بىلىدۇ...

ــ ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئوقۇغانلىرىمىز دىنسىزلارنىڭ گېزىتىمۇ؟ نېمانداق غەلىتە گەپ قىلىدىغانسەن، گېزىتنىڭمۇ دىندارى، دىنسىزى بولامدۇ؟

دەل شۇ پەيتتە، ئۆزگەنىڭ دادىسى كىرىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

ــ مەن سىرتقا چىقىمەن، ئەتە يالوۋاغا بارىمىز، تەييارلىق قىلغاچ تۇرۇڭلار.

دادىسى ئۆزگەنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ:

ــ ياخشى ئارام ئالغىن قىزىم، كەچتە كۆرۈشەيلى.

ــ خوش دادا.

.....

ئەتىسى كەچقۇرۇن.

ئۆزگەنىڭ ئائىلىسى يولغا چىقىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. ئۆزگە ئۇزۇن كۆينىكىنى كىيدى، چاچلىرىنى پاسون چىقارماي تاراپلا ئارقىدىن بوغۇۋالدى ۋە يولدا ئوقۇش ئۈچۈن سومكىسىغا ئىككى پارچە كىتاب سالدى. ئۇ تەييارلىنىپ بولۇپ، ھۇجرىسىدىن چىقىشىغا ئاپىسى كۆرۈپ:

ــ قىزىم، ئىشتان كىيگەن بولساڭچۇ، يولدا قىينالمايتتىڭ، ـ دېدى.

ــ بۇ كىيىمىم تېخىمۇ راھەت، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۆزگە. دادىسى گەپكە ئارىلىشىپ:

ــ قىزىمنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغما، نېمىنى خالىسا شۇنى كىيسۇن! ـ دېدى.

ئۆزگە دادىسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىچە ئۈمىدلەندى. ئۇلار يولغا چىقتى. تاكسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۆزگە سومكىسىدىن كىتابىنى چىقىرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. تۇركان خانىم ۋە يولدىشى: «نېمە ئوقۇۋاتقاندۇ؟» دېگەندەك، باشلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە ئىشارەت قىلىشتى. دادىسى:

ــ نېمە كىتاب ئوقۇۋاتىسەن قىزىم؟ ـ دەپ سورىدى.

ئۆزگە بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ ئىنسان خاراكتېرى ھەققىدە يېزىلغان پسىخولوگىيە كىتابى، ـ دېدى.

ــ مەزمــۇننى بىزگــمــۇ ســۆزلەپ بەرگـــنە، يولــدا زېــرىكمەي پاراڭلىشىپ ماڭارمىز.

ــ بۇ كىتابتا ئاساسلىقى ئىنسان ۋە كىملىك ھەققىدە مۇلاھىزىلەر بايان قىلىنغان.

تۇركان خانىم:

ــ كىملىك؟ ھەممىمىزنىڭ كىملىكى بارغۇ؟ ـ دېدى.

ــ سـەن ئېيتقـان كىملىـك بىـلەن بـۇ كىتابتـا بايـان قىلىنغـان كىملىك ئوخشمايدۇ. چۈنكى بىز ھەقىقىي كىملىككە ئىگە ئەمەس.

ــ خەلقىمىزنىـــڭ مەدەنىـــيەت ساپاســـى تـــۆۋەن، مەنـــچە ئۇنىۋېرسىتېتلارنى كۆپەيتىش كېرەك، ـ دېدى دادىسى.

ــ دادا، ئۇنىۋېرسـىتېت ۋە سـتۇدېنتلارنىڭ سـانى يىلـدىن يىلغـا كۆپەيمەكتە. مەنچە مەسىلە مەكتەپ سانى ۋە دىپلومدا ئەمەس، بەلكـى مائارىپنىڭ سۈپىتىدە. تۇركان خانىم:

ــ مائارىــپ دېــگەن مائارىــپ، ھەرقــانچە سۈپەتســىز بولســىمۇ، ھېچقاچان: «بىـرگە بىرنـى قوشسـا ئـۈچ بولـىدۇ» دەپ ئۆگەتمەيـدۇ، ـ دېدى.

ــ ئاپا، مائارىپ باشقا، بىلىم بېرىش باشقا. مەنچە...

دادىسى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ــ سەن كەلگەنـدىن بېرى پاراڭلاشقۇدەكمۇ پۇرسـەت بولمىـدى، ئەرزۇرۇم ھەققىدە بىزگە ھېچ گەپ قىلىپ بەرمىدىڭغۇ قىزىم؟

ئۆزگەنىڭ ئەرزۇرۇمدىكى كۆنلىرى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدى. دادىسىغا:

ــ ئــۇ يەردە پەقەت ياتســىرىمىدىم، نۇرجــان ھەدە ۋە ئۇنىــڭ دوستلىرى ماڭا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلدى، ـ دېدى.

ــ نۇرجان ھەدە دېگىنىڭ كىم؟ ـ دەپ سورىدى ئاپىسى.

ــ ئەرزۇرۇملۇق بىر ئوقۇغۇچى، بىز شۇ يەردە تونۇشقان. ئـارىلاپ ئۇنىڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرىمەن.

.....

ئۇلار يالوۋاغا يېتىپ بارغاندا، تاغىسىنىڭ ئۆيىدە جەمىلە مومايدىن باشقا ھەممەيلەن تولىمۇ ئالدىراش كـۆرۈنەتتى. ئـۇلار تـۇنجى قېتىم ئوغـۇل ئۆيلەۋاتقـان بولغاچقـا، پۈتـۈن ئىشـنى زىــر - زەۋــرىگىچە ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەتتا ئۇ كۈنى ئىچىلىدىغان شامپانىمۇ تەييار ئىدى.

كەچـكە يـېقىن ئـۆزگە ۋە ئايشەن ئـاپىلىرى بـىلەن بىللە بازارغـا چىقتى. ئۆزگە ئاددىي ۋە ئۇزۇن بىر كۆينەكنى تاللىدى. ئايشەن بولسـا بەدەنىنــڭ ھەمــمە يېــرى مانــا مەن دەپــلا كۆرۈنــۈپ قــالغۇدەك مــودا كـۆينەكتىن بىرنـى ئـالدى. تۈركـان خـانىم ئـۆزگە ئالغـان كـۆينەكنى پەقەت ياقتۇرمىدى. لـېكىن ئـۆزگە: «ئـۆزەمنى بازارغـا سـالامتىم؟ مەن مۇشۇنى يـاقتۇردۇم» دەپ جـاۋاب بەردى. ئـۆزگە مومىسـىنىمۇ ئۇنتـۇپ قالماي، ئۇنىڭغا ناھايىتى چىرايلىق لېچەكتىن بىرنى ئالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ئۆزگە مومىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە:

ــ موما، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ كەل قىزىم، كەلگىنە سېنى بىر قۇچاقلاي، سېنى تولىمۇ سېغىندىم.

ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۆزگە مومىسىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ــ ياخشى تۇرۇۋاتقانسەن جېنىم موما؟ سېنى ئۇ نەس باسقان جايدىن قايتۇرۇپ كەلگىنىگە مىڭ شۈكرى. راستىمنى ئېيتسام، مېنىڭ كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم بولغانىدى، ئەمما ساڭا ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلمەيتتى.

ــ ئۆزەڭ قانداق تۇرۇۋاتىسەن قىزىم؟

ــ ياخشى، سېنى بەك سېغىندىم شۇ.

جەملە موماي مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتىلغان بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزۇن بولغانىدى. بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. دەل شۇ پەيتتە ئىشىك چېكىلىپ، يۇنۇس كىرىپ كەلدى.

ــ ئۆزگە، سەن بۇ يەردىمىدىڭ؟ خۇش كەپسەن، كىرسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ رەھمەت. كىرىۋەرگىن! ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۆزگە.

يۇنۇس مومىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرەر ـ كىرمەي ئۆي تېلېفونى جىرىڭلىدى، ئاپىسى كىرىپ، سىمسىز تېلېفوننى يۇنۇسقا ئۇزاتقاچ:

ــ يۇنۇس ساڭا تېلېفون كەپتۇ. ۋاي ـ ۋۇي سىلەر بۇ يەردە نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ چىقىپ كەتتى. يۇنۇس:

ــ ئالو! مەن يۇنۇس.

قارشى تەرەپتىن:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ئوھوي، سەنمىدىڭ ئاغىنە؟! نەلەردە يۈرسەن، يوقاپلا كەتتىڭغۇ؟!

ــ قانداق ئەھۋالىڭ؟

ــ رەھمەت، ياخشى. ئۆزەڭچۇ؟ ئەتە مېنىڭ تويۇم، مۇبارەكلەش ئۈچۈن تېلېفون قىلغان ئوخشىمامسەن؟

تېلېفون قىلغان ئۆمەر فارۇق بولۇپ، پۇلى قالمىغاچقا، ئىقتىسادتىن تولىمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئىلاجىسىز يۇنۇستىن قەرز ئالماقچى بولۇپ تېلېفون قىلغانىدى، يۇنۇسنىڭ توي توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلاپ، قەرز سوراشتىن ۋاز كەچتى ۋە:

ــ شۇنداق، سەندىن ھال ـ ئەھۋال سوراش ئۈچۈن تېلېفون قىلغانىدىم، ئاللاھ تائالا تويۇڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلغاي! ـ دېدى.

ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، تېلېفوننى قويۇۋەتتى. يۇنۇس مومىسىغا قاراپ:

ــ مەن ساڭا گېپىنى قىلغان بالا مۇشۇ. مەندىن ئەھۋال سوراپ تېلېفون قىپتۇ، ـ دېدى. جەملە موماي:

ــ بىرەر ئېھتىياجى بار ـ يوقلۇقىنى سورىمىدىڭمۇ؟!

ــ ئېھتىياجى بولسا، ئۆزى ئېيتاتتى.

ــ بەلكىم ئېيتالمىغاندۇ. پۇل ـ پۈچەك ئەۋەتىشنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟

ــ ياق. ھە راست، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ يوق ئىدى. مەن بۇنى نېمىشقا ئويلاشمىغاندىمەن؟! تويدىن كېيىن ئەۋەتىپ قويارمەن. موما، سەن ئەتە تويغا بارامسەن؟

ــ مەن قانداقمۇ باراي ئوغلۇم؟! ئىشكاپ ئىچىدىكى بوتۇلكىنى كۆرۈپ، نەچچە كۈندىن بېرى قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى ئۆزۈم بىلىمەن.

ــ سەن كۆرمەيدىغان يەرگە قويۇپ قويساقمۇ بوپتىكەن؟!

ــ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ جان ـ جىگەرلىرىمنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئوتقا تاشلىشى يۈرەك ـ باغرىمنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىپ باردۇ. نېمە ئۈچۈن؟ نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىمىز؟

ــ شەيتان بۇيرىغىنى يوق، بۇ بىزنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن بولۇۋاتقان ئىش.

ــ سەن بىلمەيسەن، شەيتان كېلىپ ساڭا: «مەن شەيتان بولىمەن، سېنى ئالLاھتىن، پەيغەمبەردىن يىراقلاشتۇرماقچىمەن. شۇڭا

سەن ھاراق ئىچ، يېرىم يالىڭاچ يۈر، ناماز ئوقۇما، روزا تۇتما!» دېمەيدۇ، بەلكى ساڭا: «شۇ ئىشىمنى پۈتتۈرىۋېتىپلا قىلاي»، «تويۇمدىن كېيىن باشلاي» دېگەنىدەك ۋەسۋەسىلەرنى سالىدۇ ۋە ساڭا دېگىنىنى قىلدۇرىدۇ. نەتىجىدە، شەيتانغا يېقىنلاشقان كىشى ئاللاھتىن يىراقلىشىدۇ.

ئۆزگە قىزنىقىپ سورىدى:

ــ ئۇنداقتا، ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى توسالغۇ زادى نېمە؟

جەملە موماي نەۋرىسىنىڭ بۇ سوئالىدىن تولىمۇ سۆيۈندى، چۈنكى بىر مەسىلە ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ئاخىرىدا چوقۇم توغرا جاۋابقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ــ ھەي... قىزىم! توسالغۇ جىق. تېخىمۇ توغرىسى توسقۇنلۇق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلار كۆپ. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ خەتەرلىكى يەنىلا ئۆزىمىز.

يۇنۇس ھەيرانلىق ئىلكىدە:

ــ قانداقسىگە؟ ـ دەپ سوئال قويدى.

جەملە مومايىنىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناشقا باشلىدى. ئەجىبا، باللىرىنىڭ ئىنسابىنى تىلەپ قىلغان دۇئالىرى ئىجابەت بولۇۋاتقانمىدۇ؟

ــ ئاۋۋال قەلب دەرۋازىلىرىمىزنى ئىسلامغا كەڭ ئېچىشىمىز، چىن دىلىمىز بىلەن ئاللاھقا ئىخلاس باغلىشىمىز ۋە كۆڭلىمىزدىن زىت تۇيغۇلارنى چىقىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ بىرىنچى قەدەم. ئىككىنچى قەدەمدە بولسا، ھەقىقىي، ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ بىلىم ئىگەللىشىمىز كېرەك.

ئۆزگە:

ــ موما! ئېيتقانلىرىڭىزدىن: «كىملىكىمىزنى بىلمەك ۋە ئۆزلۈكىمىزنى ياراتماق» دەپ خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ. ئەرزۇرۇمدىكى نۇرجان ھەدىمۇ دائىم: «مەن كىم، نېمە ئۈچۈن يارىتىلدىم، نەدىن كەلدىم ۋە نەگە بارىمەن؟... دېگەن سوئاللارغا توغرا جاۋاب تاپالىغان كىشى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ» دەيتتى، ـ دېدى.

يۇنۇس ئويچان ھالدا:

ــ مېنىڭ ئىچىمدە بىر بىئاراملىق بار. ئاۋۋال توينى ئۆتكۈزۈۋالاي، ئاندىن ئويلىغانلىرىمنى بىرمۇ بىر ئەمەلگە ئاشۇرىمەن. نۇرتەنمۇ تويدىن كېيىن ھىجابلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ـ دېدى.

ئۆزگە:

ــ يۇنۇس ئەپەندى، بۇ سۆزۈڭگە قوشۇلمايمەن. بىلىشىمچە، ئىبادەت دېگەن باشقىلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىنىشى كېرەك. شۇنداقمۇ موما؟ ـ دېدى.

ــ توغرا قىزىم. بەزى ئاياللار ئېرىنىڭ ھەر بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈرگەن بىلەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن بىر تال

مويىنىمۇ تەۋرىتىپ قويمايدۇ. ئېرىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ھىجابلىنىش توغرا ئەمەس، ھەرقانداق قارارنى ئويلىشىپ چىقىرىش كېرەك.

ئۆزگە:

— موما! ئىچىمدە چۈشىنىكسىز، غەلىتە تۇيغۇلار بار. تېخىمۇ توغرىسى، تۇيغۇ ئەمەس، ئىچكى توقۇنۇش... بەلكىم بۇ توقۇنۇش پات يېقىندا بېسىقىپ قالار.

— ئىنشائاللاھ، قىزىم!

يۇنۇس:

— تاغام بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالمىسۇن - ھە، - دېدى.

ئۆزگە قەتئىي تەلەپپۇزدا:

— ياق، مەن بىر قارارغا كەلسەملا، باشقىسى مۇھىم ئەمەس، - دېدى.

جەملە موماي:

— قىزىم! ئىچىڭدىكى بۇ توقۇنۇشلار تا ئۆلگىچە بېسىقمايدۇ، جان تەندىلا بولىدىكەن، ئىنساننىڭ ئىچىدىكى توقۇنۇشلارمۇ تۈگىمەيدۇ.

— پەقەتلا تۈگىمەسمۇ؟ - دەپ سورىدى ئۆزگە.

— ياق، تۈگىمەيدۇ.

— ئەمىسە تۈگىشىپتىمەن - دە؟!

— نېمىشقا؟

— چۈنكى مەن بۇ ئازابقا ئۆمۈر بويى بەرداشلىق بېرەلمەيمەن.

ــ سەن ئىچكى ھۇزۇرغا ئېرىشمەكچى بولساڭ، ئالدى بىلەن ئىچىڭدىكى توقۇنۇشۇۋاتقان تەرەپلەردىن بىرىنى تاللىشىڭ كېرەك. نەپسىڭنى تاللىمساڭلا، ئىچىڭدىكى توقۇنۇش ھۇزۇرغا ئايلىنىدۇ. سەن ھازىر تېڭىرقاش ئىچىدە تۇرۇۋاتىسەن. ئىمانىنى تاللاي دېسەڭ، كۆز ئالدىدىكىغا مال ـ دۇنيا، مەكتەپ، ئۆتكۈنچى ھەۋەسلەر، ئورۇن ـ مەنسەپلەر كېلىدۇ. ئەگەر بۇلارنى تاللىساڭ، يەنە بىر تەرەپتە تۇرغان ئاخىرەت، قەبرە، جەھەننەم، ھېساب، سىرات قاتارلىقلارنى چەتكە قايرىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

ــ ئېيتقانلىرىڭ پۈتۈنلەي توغرا، كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى قىلدىڭ. بۇلارنى قانداق بىلىۋالدىڭ؟...

يۇنۇس گەپنى بۆلدى:

ــ مەن چىقاي، بۇ گەپلىرىڭلارنى ئاڭلاۋېرىپ بىر قىسما بولۇپ قېلىۋاتىمەن. ئەڭ ياخشىسى ئاڭلىمايلا قوياي. بولمىسا، تويىمىز بولىدىغان ۋاقىتتا نۇرتەندىن ئايرىلىپ قېلىپ ئولتۇرماي.

ئۆزگە:

ــ يۇنۇس ئەپەندى، ئەرزۇرۇمدىكى ۋاقىتتا مەن خۇددى سەندەك ئويلايتتىم. بىر قېتىم نۇرجان ھەدە ماڭا: «قۇياشنى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولمىغاندەك، ھەقىقەتكە كۆز يۇمۇۋالغىلىمۇ بولمايدۇ. قۇياش نۇرىنى كۆرۈشنى خالىمىغانلار ئۆزىنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە مەھكۇم قىلىدۇ. بىر ئىنسان بەلكى ئىسلامىي ھەقىقەتنى، ئاخىرەتنى، قەبرە ئازابىنى ئىنكار قىلىشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭ ئىنكار قىلىشى بىلەن

ھەقىقەت يوقاپ كەتمەيدۇ. بۇنداق ئىنسان پەقەت ئۆزىگىلا زۇلۇم قىلغان بولىدۇ» دېگەنىدى. بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلىدىڭمۇ؟ ـ دېدى.

ــ ياق، مەن نەدىن بىلەي.

ــ بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالداپ كېلىۋاتىمىز دېمەكچى.

ــ قانداقىسىگە؟

ــ قانداقىسىگە بولاتتى؟ سەل قاراۋاتىمىز. سەل قاراش بىلەن مەسئۇلىيەتتىن قۇتۇلدۇق دەپ ئويلايمىز، لېكىن ئاللاھ بىزنىڭ رايىمىزغا ئەمەس، بەلكى ئۆز قانۇنىغا ئاساسەن ھېساب سورايدۇ.

ــ ھېساب سورامدۇ؟

ــ شۇنداق. مەنچە بولغاندا، ئەڭ توغرىسى بۇ.

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ئەسلىدە ئازراق پىكىر يۈرگۈزگەن كىشى بۇنىڭ تېگىگە يېتەلەيدۇ. كائىناتتىكى پۈتۈن جانلىق ۋە جانسىز شەيئىلەر يەنى يۇلتۇزلار، قۇياش، شامال قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. ئىنسان ــ جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي مەخلۇق. مەن بىر كىتابتىن مۇنداق ئوقۇغانىدىم: «ھەر كىشى ئېرىشكىنىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بەدەل تۆلەيدۇ. يەنى ئېرىشكىنى قانچە كۆپ بولسا، تۆلەيدىغان بەدىلىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ.» دېمەكچى بولغىنىم، ئاللاھ بىزدىن پەقەت ئۆزىگىلا قۇللۇق

قىلىشىمىزنى ھەمىدە قۇللۇقنىڭ ئۆزىمىز بىلگەنچە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇغىنى بويىچە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

— چۈشەنمەي تۇرۇپ، قارا ـ قويۇق قوبۇل قىلىشقا بولمايدىكەن ـ دە؟

— شۇنداق. بىزدە دىنىي ئىلىملەرنى ئوقۇماي، چۈشەنمەي تۇرۇپلا، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئاڭلىۋالغانلىرى بويىچە ئورۇنداپ كېلىۋاتقانلار كۆپ.

— مەن ئەمدى چىقاي. سەنمۇ خېلى يېتىشىپ قاپسەن جۇمۇ.

— مەنمۇ سەل تۇرۇپ چىقىمەن. شۇنى ئۇنۇتمىغىنكى، ئاخىرقى غەلىبە ھەر زامان سىستېمىلىق تەربىيە ئالغان ۋە جاپالىق چېنىققانلارغا مەنسۇپ، ھەرگىزمۇ جاپادىن قورقۇپ قاچقانلارغا ئەمەس.

يۇنۇس چىقىپ كەتتى. ئۆزگە مومىسىنىڭ يۈزلىرىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلغانلىقىنى كۆردى. ئۇ مومىسىغا ئالغان سوۋغاتنى بەردى. جەملە موماي تولىمۇ تەسىرلەنگەن ھالدا:

— قىزىم! ئاللاھ سېنى ھەزرىتى ئاسىيە ۋە ھەزرىتى مەريەملەرگە قوشنا قىلسۇن! ـ دېدى.

— ئامىن! ھە راست موما، ئەتە كەچتە تويغا بارمامسەن؟

— مەن قانداقمۇ باراي قىزىم؟ تۇنجى نەۋرەمنىڭ تويى بولغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان يەرگە نېمىدەپ بارىمەن؟

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن موما. نۇرجان ھەدە بىر قېتىم: «ئەگەر پەيغەمبىرىمىز كېلىپ، سەن بىلەن تونۇشماقچى بولسا، سەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دوستلىرىڭنى، تۇرار جايىڭنى، ئۆيىڭنى، ھەتتا كىيىم ئىشكابىڭنى قىلچە ئىككىلەنمەي كۆرستەلەمسەن؟»
دېگەندى.

ــ تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىپتۇ.

ــ شۇنداق. ئۇ دائىم شۇنداق ئورۇنلۇق گەپلەرنى قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر قېتىم مۇنداق دېگەندى: «ئەگەر ئۆزەڭلار ياخشى كۆرىدىغان بىرىدىن مەكتۇب كەلسە، دەرھال ئېچىپ ئوقۇماي، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئوقۇيچۇ دەپ، تاشلاپ قويامسىلەر؟ ئەگەر ئۇ مەكتۇب سىلەر بىلمەيدىغان تىلدا يېزىلغان بولسا، مەزمۇنىنى بىلىشكە تىرىشماي تاشلاپ قويامسىلەر ياكى ئۇ تىلنى بىلىدىغان بىرىنى چاقىرىپ ئوقۇتامسىلەر؟ ئەلۋەتتە، ئۇ تىلنى بىلىدىغان تەرجىمان ئىزدەيسىلەر. ئەمدى ئۆزەڭلاردىن سوراپ كۆرۈڭلار، نېمە ئۈچۈن ئاللاھتىن كەلگەن مەكتۇبنى قولۇڭلارغا ئېلىپ قويمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن تەرجىمان ئىزدىمەيسىلەر؟ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن قىزىقمايسىلەر؟ نېمشقا مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمەيسىلەر؟ ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭلاردىن كەلگەن مەكتۇبچىلىك قىممىتى يوقمۇ؟ نېمشقا ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمەيسىلەر؟ بۇنىڭ ھېسابىنى قانداق بېرىسىلەر؟ ياكى ئۆلمەيمىز، ھېسابقا تارتىلمايمىز دەپ ئويلامسىلەر؟»

ــ ئاللاھ ئۇنىڭدىن مىڭ مەرتىۋە رازى بولسۇن!

ــ ئامىن! موما، بىلەمسەن؟ مەن ئەمدى ئىشتان كىيمەيمەن ھەم يېقىندا ھىجابقا كىرىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

جەملە موماي ھەيرانلىق ئىلكىدە ئۆزگەگە قارىدى:

ــ راستمۇ قىزىم؟ قايتا دېگىنە، خاتا ئاڭلاپ قالمىغاندىمەن؟

ــ ياق، خاتا ئاڭلاپ قالمىدىڭ، - دېدى ئۆزگە ۋە مومىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ھۇجرىدىن چىقتى. دۇئالىرىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىدىن دىلى سۆيۈنگەن جەملە موماي كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئۆزگەنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى.

* * * * *

ئەتىسى...

توي كۈنى بولغاچقا، ئۆي ئىچى تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. كېلىننى ياساندۇرۇش ئۈچۈن پەردازخانىغا ئېلىپ بارىدىغان ماشىنىمۇ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۆزگەدىن باشقا ئاياللار چۇرقىراشقىنىچە ماشىنىغا چىقىشتى. تۈركان خانىم قىزىغا:

ــ قىزىم، تېز بولغىن، ھەممەيلەن سېنى ساقلاپ قالدۇق، - دەپ ۋارقىرىدى.

ئۆزگە جاۋابەن:

ــ مېنىڭ بارغۇم يوق، گىرىمنى ئۆزەم قىلىمەن، - دېدى.

ــ نېمىشقا قىزىم؟

ــ پەقەتلا بارغۇم يوق.

تۇركان خانىم بىشنى چايقىغىنىچە:

ــ ساڭا ئەرزۇرۇمنىڭ ھاۋاسى ياقمىغان ئوخشايدۇ، بىر قىسىملا بولۇپ قاپسەن، ـ دېدى.

نىھايەت، توي باشلاندى. ئۆزگە ئاپىسىنىڭ زورلىشىغا قارىماي پەرداز قىلمىدى. توي زالىغا كىرگىنىدە، ھاراق ـ شاراپنىڭ بەدپۇرىقى زالنى بىر ئالغانىدى. ئۆزگە ئۆزگىرىش يولىدا ئىچىدىن سىېسىشقا باشلىغان جەمئىيەتكە، زامانىۋىلىشىش يولىدا ئەسلىنى ئۇنۇتقان مەدەنىيەتكە، ئۆزلۈكىنى يوقاتقان نادان كىشىلەرگە، قىسقىسى، پۈتۈن يات نەرسىلەرگە ئىچىدە لەنەت ئوقۇدى.

ئۆزگە زالنىڭ ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ مۇۋاپىق بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. ئايشەنىنىڭ ئاپىسى تولىمۇ چاكىنا كىيىنىۋالغان، كېلىنىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشىمىغۇدەك دەرىجىدە ياسانغانىدى. توي ئۇسسۇل بىلەن باشلاندى، ئۇسسۇل ئويناش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چۈشۈۋالغان ئادەملەر ھەررەڭ ـ سەررەڭ قىلىقلارنى قىلىشىپ، ئوڭ ـ سولغا ئېغاڭلىشاتتى.

ئۆزگە كۆڭلىدىن: «پەرۋەردىگارىم! شۇ تاپتا سەن مەندىن رازىمۇ؟ بۇ تويدىن، بۇ نىكاھتىن، بۇ قالايمىقانچىلىقتىن رازىمۇ؟» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى ۋە ئارقىدىنلا ئۆز سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى: «ياق، ياق... ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن دائىرە ئىچىدىكى ئىشلاردىن رازى بولىدۇ. بۇ ئىشلاردىن رازى بولۇشى ئەلۋەتتە مۇمكىن ئەمەس.»

تۇرۇپلا ئۆزگەنىڭ كۆڭلى ئېلىشتى، چىشىنى چىشلەپ ئۇسسۇلنىڭ تۈگىشىنى كۈتتى. ئۇسسۇل تۈگىگەندە يېنىغا كەلگەن دادىسىغا:

ــ دادا، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويغىنە، كۆڭلۈم ئېلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. يولنىڭ ھاردۇقى تېخى چىقمىغان بولسا كېرەك، ئارام ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ، - دەپ يالۋۇردى. دادىسى خالار - خالىماس قوشۇلدى. ئايالىغا ئۆزگەنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆزگە دادىسىغا:

ــ خۇشال ئويناپ قايتقايسىلەر، - دېدى ۋە ئۆيگە كىرىپ، ئۇدۇل مومىسىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ ماڭدى. جەملە موماي نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، دۇئا قىلىۋاتاتتى. دۇئاسىنى تۈگىتىپ: «ئامىن!» دەپ يۈزىنى سىيپىدى، ئاندىن بۇرۇلۇپ:

ــ ئۆزگە، سەنمىدىڭ قىزىم؟ كەل، جېنىم بالام! مەن سېنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، - دېدى.

ئۆزگە يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە، مومىسىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى - دە، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى. قانغۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ يېنىپ كېلىدىغانلىقىمنى قانداق بىلدىڭ موما؟ - دەپ سورىدى. جەملە موماي جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ــ قىزىم، ئىنسان قەلبىدە ئىمان ئۇچقۇنى چاقنىدىمۇ، ئۇ يەرەككە ئوت تۇتاشماي قالمايدۇ. مۇبارەك بولسۇن قىزىم، قۇتلۇق بولسۇن، يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن، ئاللاھ ساڭا يار - يۆلەك بولسۇن!

ئـۆزگە كـۆز ياشـلىرىنى سـۈرتۈپ، ئورنـىـدىن تـۇردى ۋە تاھـارەت ئالغىلى ماڭدى. بىردىنلا يادىغا داڭلىق شائىر نەجىب فازىلنىـڭ بىـر پـارچە شـېئىرى كەلـدى. ئـۆزگە دەسـلەپ ئوقۇغـان چېغـىـدا ئـانچە ئاڭقىرىــپ كېــتەلمىگەن بــۇ شــېئىرنىڭ مەنىســىگە مانــا ئەمــدى يەتكەنىدى:

ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيىمىزنىڭ ئەڭ ئۈستىدە،
قولىدا تەسبىھ سىيرىپ يىغلار مومام.
ئورتا قەۋەتتە ئوينار ئاپام ۋە ئاشنىلىرى،
ئەڭ ئاستىدىن ئاڭلىنار سىڭلىمنىڭ ناۋالىرى.
قۇرتلاپ كەتكەن ئېرىمچىكتۇر توغرىغىنىم،
كېلىڭ دوستلار، بۇ ئوچۇق تىياتىرنى كۆرۈڭلار!
بىر تۈپ دەرەخ بۇ گويا تاقاشقان ئۇپۇققىچە،
كۆكى ئىپپەت، شاخلىرى تەقلىد، مېۋىسى بولسا پاھىشە.

* * * * *

ئـۆمەر فـارۇق تولىمـۇ جـۈدەپ كەتكەنـىـدى. ئـۇ بازارغـا چىقمـاس، ئاشخانا تەرەپكىمـۇ يولىمـاس بولـدى. بىـرلا يېـرى، دوسـتلىرى بىـلەن چايخانىدا ئولتۇرۇش توغرا كەلمىگەن بولسا، ئۇنىـڭ ئۈچـۈن تېخىمـۇ ئوبدان بولاتتى. شۇ نامسىز كونۋېرتتا قەرەللىك ئەۋەتىلىپ تۇرۇۋاتقان ئازغىنە پۇل بولمىغان بولسا، بۇ كەمگىچە قانداقمۇ قىلاتتىكىن ـ تـاڭ؟ ئۆمەر بۇ نامسىز كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنـى پەقەتـلا بىلەلمىـدى. ئـۇ

ئەسكەرلىككە كەلگەندىن بېرى، ھەدىسى بىلەن يېزىنسى ئىزدەپ ـ سوراپمۇ قويمىدى. ئەجىبا، پۇلنى ئۇلار ئەۋەتكەنمىدۇ؟ ئەمما كونۋېرت ئىچىدىكى قەغەزگە يېزىلغان خەت: «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!» بىلەن باشلىنىپ: «قېرىندىشىم، بۇ پۇل ساڭا ھالالدۇر، خاتىرجەم خەجلىگىن» دېگەن جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلىشاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، پوچۇركىمۇ ئۆمەرگە يات ئىدى.

ئەنە شۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرغان ئۆمەر فارۇق ياڭراتقۇدىن ئۆز ئىسمىنىڭ چاقىرىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن دەس تۇردى. بۈگۈن ئائىلىلەر بىلەن كۆرۈشۈش كۈنى ئىدى. ئۆمەر يۈرىكىنىڭ ھاياجان ئىلكىدە دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەجىبا، ھەدىسى يوقلاپ كەلگەن بولغىيمىدى؟ قوبۇلخانىغا ئوقتەك يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كەلگەن ئۆمەر فارۇق ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەڭ چەتتىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىرىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆردى. كەلگەن كىشى مۇئمىن ئاكا ئىدى. ئۆمەر ھاياجىنىنى باسالماي قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغىنى خۇشاللىقتىنمۇ ئۆتە بىر ھېسسىيات ئىدى. ئىككىسى ھەسرەت بىلەن قۇچاقلاشتى. مۇئمىن ئاكا ئېغىز ئېچىپ:

ــ سېنى جازالايمەن، ئەمما ھازىر ئەمەس. نېمىشقا بىزگە ئادرىسىڭنى ئەۋەتمىدىڭ؟ ـ دېدى. ئۆمەر ئىككىلەنگەن تەلەپپۇزدا ئېيتتى:

ــ مەن... كەچۈرۈڭ ئاكا. مېنى قانداق تېپىپ كەلدىڭىز؟

ــ ئۆيۈڭگە نەچچە قېتىم تېلېفون بېرىپ، ئادرېسىڭنى سورىغان بولسامۇ ئېيتىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى. ئۇلارغىمۇ بىرلا پارچە خەت يېزىپسەن.

ــ جاۋاب خەت كەلگەن بولسا، يەنە يېزىشىم مۇمكىن ئىدى.

ــ ئاخىرى، تېلېفوننى ھەدەڭ ئالدى. مەن سېنىڭ دوستۇڭ ئىكەنلىكىمنى، ئىشەنمىسە سەندىن سوراپ باقسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئادرېسىڭنى دەپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە ئۇلار سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىكەن ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ ساڭا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشۇمدىن قورققان ئوخشايدۇ.

ــ ئۇلارنىڭ قورقىدىغان ئىشى باشقا. بولدىلا، بۇلارنى دېيىشمەيلى. ھە، ئۆزىڭىز قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟

ــ شۈكرى، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن. دوستلىرىڭنىڭ ھەممىسى سالام ئېيتتى.

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. شۇ تاپتا ھاياجىنىمنى تىلىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئاللاھ سىزدىن رازى بولسۇن!

ــ ئاللاھ ھەممىمىزدىن رازى بولسۇن! ئادرېسىڭ بۇرۇنراق تېپىلغان بولسا، سېنى بۇنداق تاشلىۋەتمىگەن بولاتتۇق. بەكلا جۈدەپ كېتىپسەن، ساڭىمۇ ئوڭاي ئەمەس. ئەسكەرلىك تۈگەيدىغانغا يەنە قانچىلىك قالدى؟

ــ يېرىمى تۈگىدى.

ــ ھەدەڭ بەزى سىرلىرىڭنى ئېيتىپ قويدى، راستىمنى ئېيتسام، سەندىن رەنجىدىم.

ــ نېمە بولدى، ئاكا؟ مەندىن ئۆتكەن يېرى بولسا كەچۈرۈۋېتىڭ.

ــ ياق، ئۇنداق ئوڭاي كەچۈرۈۋېتىدىغان ئىش يوق، ئەلۋەتتە شەرتىم بار. ئۇكام، ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىڭنى نېمشقا ماڭا ئېيتمىدىڭ؟

ئۆمەر گەپ ـ سۆزسىز بېشىنى ئەگدى. مۇئمىن ئاكا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ بىز قېرىنداش ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ قۇرئاندا: «پەقەت ئىمان ئېيتقانلارلا بىر ـ بىرىنىڭ قېرىندىشىدۇر» دېگەن. سەنچە، قېرىنداشلىق پەقەت ياخشى كۈنلەر ئۈچۈنلىمۇ؟ يامان كۈندە ئەسقاتمىغان قېرىنداشلىقنىڭ نېمە پايدىسى؟ ھەدەڭنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەچچە كۈنگىچە گېلىمدىن تاماق ئۆتمىدى.

ــ كەچۈرۈڭ، ئاكا!

ــ گەرچە بىز ئەنسار بىلەن مۇھاجىرلاردەك بولالمىغان ۋە ئۇ بۈيۈك ئىسلامىي قېرىنداشلىقتا ئىگە بولالمىغان بولساقمۇ، بىز يەنىلا دوستمىز، قېرىندىشمىز. نېمشقىمۇ ئۇنداق قىلغانسەن؟ بۇ چاغقىچە نېمە بىلەن جان باقتىڭ؟

ئۆمەر يەنە لام ـ جىم دېمىدى. دېمەك، ئۇ پۇللارنى مۇئمىن ئاكا ئەۋەتمىگەنىدى. ئاخىرى ئېغىز ئېچىپ مۇنداق دېدى:

ــ راست، بەكلا قىينالدىم. بۇ يەردە ئىزدەپ ـ سورايدىغان، خەت ـ چەك ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بىرىنىڭ بولماسلىقى ئىنسانىنى ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكەن.

ــ پۇل ئەۋەتىدىغان ئادەم بولمىسا، تېخىمۇ تەس.

ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن سىناق. سىز بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزنىڭمۇ يېگۈدەك نەرسە قالمىغاندا، قورسىقىغا تاش تاڭغانلىقىنى؛ مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئۈچ يىللىق ئىمبارگوسى جەريانىدا ئايالالار ۋە باللارنىڭ ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتكەنلىكىنى؛ بىر ساھابىنىڭ كوچىدىن تېپىۋالغان تۆگە تېرىسىنى سۇغا چىلاپ، باللىرىنى ئۈچ كۈنگىچە شۇ سۇ بىلەن باققانلىقىنى... سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز.

ئۆمەر بىردەم تۇرۇۋېلىپ سورىدى:

ــ ھە راست، مېنى قانداق شەرت بىلەن كەچۈرمەكچى ئىدىڭىز؟

ــ سۆزلىرىڭ مېنى تولىمۇ ھاياجانغا سالدى. شەرتكە كەلسەك، ئەسكەرلىكتىن قايتىپ، ئۇدۇل بىزنىڭ ئۆيگە كەلگىن. سەن كەلگىچە، ئاستىنقى قەۋەتنى ساڭا تەييارلاپ قويىمەن.

ئۆمەر ئېتىراز بىلدۈردى:

ــ قوبۇل قىلالمايمەن.

ــ نېمىشقا؟ چوقۇم قوبۇل قىلىشىڭ كېرەك. بولمىسا، سېنىڭ قېرىنداشلىقىڭدىن گۇمانلىنىپ قالىمەن. تېخى ئىسلام تارىخىدىن سۆز ئېچىۋاتىسەن. ئەنسار قېرىنداشلىقنى ئەسلەپ باققىنە.

ــ تـوغرا، لـېكىن ئەنسـارلار پۇتـۇن مـال ـ دۇنياسـىنى مۇهـاجىر قېرىنداشلىرىنىڭ ئالدىغا يايغان بولسىمۇ، مۇهاجىرلار تەييارتـاپلىقتىن قورقۇپ: «ماڭا بارازنى كۆرسىتىپ قويغىن» دېگەنىدى، شۇنداققۇ؟

ــ ئۇغۇ شۇنداق. ئەمىسە، ۋاقتىـنچە ئـۇ ئۆيـدە ئولتـۇرۇپ تـۇرۇپ، ئىش تاپقاندىن كېيىن ئىجارىسىنى بېرەرسەن. سەنچە قانداق؟

ــ بولىدۇ، ئەمىسە كېلىشتۇق.

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشتى. ئـۆمەر ئـۆزىنى تولىمـۇ بەختلىـك هـېس قىلدى. مۇئمىن ئاكا قايتىش ئالدىدا ئۆمەرنىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي، قولىغا بىر كونۋېرتنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، ئـۆمەر كونـۋېرتنى ئېچىۋـدى، ئىچىـدىن ئۇنـىڭ ئەسـكەرلىك مـۇددىتى توشقۇچە يەتكۈدەك پۇل چىقتـى. بـۇ چاغـدا، مـۇئمىن ئاكـا ئاللىقاچـان ئۇزاقلىشىپ كەتكەنىدى. ئـۆمەر ئىچىـدە ئاللاهقـا شـۈكۈر ئېيتقانـدىن كېيىن، ئۇدۇل چايخانىغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئولتۇرغان سەبداشلىرىنىڭ هەممىسىنى چاي بىلەن مېهمان قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ نەچچە ئايلىق قىيىنچىلىقنىڭ هاردۇقىنى چىقىرىۋالغاندەك بولدى.

لـېكىن ئـۆمەر ئـۆزىگە پـۇل ئەۋەتىۋاتقـان كىشـىنىڭ كىملىكىنـى تېخىچە بىلەلمەيۋاتاتتى...

. . . . .

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى.

بۇ بىر يىل ئىچىدە يۇنۇس بىر قىزغا دادا بولۇپ قالدى. ئايشەن پوچتىخانىدا ئىشقا چۈشكەندىن بىرى، ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشكەنىدى. ئۆزى بۇرىسىدا ئىشلەۋاتقان بولغاچقا، پەقەت ھەپتە ئاخىرلىرىدا كېلىپ، ئۆيدىكىلەرنى كۆرۈپ كېتەتتى.

ئۆمەر فارۇقنىڭ ئەسكەرلىكى تۈگەيدىغانغىمۇ تۆت - بەش كۈنلا قالغانىدى، ئاز قالغانسېرى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈن ساناپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئەرزۇرۇمدا ئوقۇۋاتقان ئۆزگە ھىجاب ئارتقانىدى، لېكىن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ھىجاب ئارتىش چەكلەنگەن بولغاچقا، ئۆزگەمۇ ئامالسىزلىقتىن مەكتەپنى تەرك ئەتكەنلەر سېپىغا قېتىلدى. ئەمما ئۇنىڭ مەكتەپتىن چېكىنگەنلىكىنى ئائىلىسى بىلمەيتتى. ئۇمۇ ئىمكانقەدەر ئائىلىسىگە بىلدۈرمەسلىككە تىرىشتى. نىھايەت، تەتىل يېتىپ كەلدى، ئۆزگە ئۆيگە قايتىشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى.

بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرگەن ئۆزگە سەھەر ۋاقتى ئۆيىنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. دادىسى ئىشىكنى ئېچىپ، ئالدىدا تۇرغان ھىجابلىق ئايالنى تونۇيالمىدى ۋە ئۆي ئىچىگە قاراپ ۋارقىرىدى:

— تۈركان، بۇ ياققا چىققىنە، تازىلىقچى ئايال كەلگەن ئوخشايدۇ.

ئۆزگە كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتتى. تۈركان خانىم:

— تازىلىقچى بۈگۈن كەلمەيتتىغۇ، كىمدۇ بۇ؟ - دېگىنىچە ئالدىراش چىقىپ كەلدى ۋە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى:

— سەن... سەنمىدىڭ؟ - دېگەن گەپنى ئارانلا دېيەلىدى.

ئاكىنى ئەپەندىمۇ:

ــ ئۆزگە، سەنمىدىڭ؟ ـ دېدى ھەيرانلىق بىلەن.

ئۆزگە:

ــ كىرسەم بولىدىغاندۇ؟ ـ دېگىنىچە ئۆيگە كىردى. ھېچكىم ئۇنىڭغا: «خۇش كەلدىڭ!»مۇ دېمىگەنىدى. تۇركان خانىم يىغى سالدى:

ــ سېنى كىم بۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى؟ ۋاي ئانىمەي!.. پەرۋەردىگارىم، بىزگە ياردەم قىلغىن! قىزىم تۈگىشىپتۇ.

تۇركان خانىم قىزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىنى بىجا كەلتۈرمەسلىكى ئۈچۈن يەنە ئاللاھتىن ياردەم سوراۋاتاتتى. بۇ خۇددى ئاللاھنىڭ «قەھرلەنگۈچى» دېگەن نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، شەرىئەت ھۆكمىنىڭ يەر بىلەن يەكسان بولۇشىنى تىلىگەندەكلا ئىش ئىدى. ئۆزگە ئامال بار ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، چاندۇرماي:

ــ ئۇھ... يولدا بەك ھېرىپ كەتتىم. سىلەر قانداقراق تۇرۇۋاتىسلەر؟ مېنى قۇچاقلاپمۇ قويمىدىڭلارغۇ؟ ـ دېدى.

تۇركان خانىم غەزەب بىلەن ۋارقىرىدى:

ــ ئېيتە قېنى! نېمە بۇ ئۈستى ـ بېشىڭدىكى؟

ــ نېمە بوپتۇ؟

بۇ چاغدا ئاكىنى ئەپەندى:

ــ مەن سىرتقا چىقىپ كىرەي، ـ دەپلا ئۆزگەگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتتى.

ئۆزگە دادىسىنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىرىدى:
ــ دادا! مېنى سۆيۈپ قويىمامسەن؟
ــ ئۆزەمنىڭ قىزى كەلسە سۆيىمەن.
تۇركان خانىم يىغلاشقا باشلىدى. ئۆزگە يۈيۈنۈپ چىقىپ، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.
دادىسى ئەتىسى ناشتىدىمۇ گەپ قىلمىدى. ئاپىسى ئۆزگەگە:
ــ ماڭا قارا قىزىم! سەپەرنىڭ ھاردۇقىمۇ چىقىپ قالغاندۇ؟ سەن بىلەن ئويدانىراق پاراڭلاشمىساق بولمىدى. بىزنى خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلما. قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمىز؟
ــ ئاپا، نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن؟ مەن سىلەرنى يۈزۈڭلارنى تۆككۈدەك نېمە ئىش قىلدىم؟ يا يامان يولغا كىرىپ كەتمىسەم. ئېپپەت - نومۇسۇمغا داغ چۈشۈرمىسەم...
ــ ئېپپەت - نومۇسمىش تېخى. يەنە نېمە قىلساڭ بولاتتى؟ ئەمدىلىكتە: «سوتچىنىڭ قىزى شەرىئەتچى بولۇپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ چىقسا، نېمدېگەن سەتچىلىك؟!
ئۆزگە كۆڭلىدە: «ئىنسانىنى ئىلاھلاشتۇرۇش دېگىنى مۇشۇ بولسا كېرەك. ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا شەرمەندە بولۇشتىن ھېچ قورقمايدۇ - يۇ، خەلقى ئالەمنىڭ سۆز - چۆچىكىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ» دەپ ئويلىدى. خىيالى ئاپىسىنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن بۆلۈندى:

ــ ئـاكـﯩ! سـەن بـىر ئامـال تـاپ. قىزىمـىز قـولىمىزدىن چىقىـپ كېتىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس، قارىغىنە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇشىنى.

ئۆزگە:

ــ ئۆزەڭنى بېسىۋال ئاپا. مەن پەقەت بىر دوستۇمنىڭ گەپلىرىنـى ئويلاۋاتاتتىم.

ــ قانداق دوست ئۇ سېنى بۇنداق قالاق ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان؟ بالدۇرراق ئېيتقان بولساڭ، ساڭا مەدەنىيرەك بىرىنـى تېپىـپ بېرەتتـۇق ئەمەسمۇ؟

ــ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئاپـا. مەن ئەر كىشـى ئۈچـۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈن مۇشۇنداق كىيىندىم. مېنى توغرا چۈشەنسەڭ نېمە بولار؟

ــ نېمنى توغرا چۈشىنىمەن، دېگىنە نېمنى؟ پەقەتـلا ئىشـەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. ئاھ خۇدا، مېنىڭ قىزىم شەرئىەتچى بولۇپ كېتىپتۇ.

ئۆزگە:

ــ كەچـۈرۈڭلار! ـ دەپ ئورنىــدىن تۇرمــاقچى بولــدى. ئــاكىﯩ ئەپەندى ئايالىغا:

ــ ئۆزەڭنى بېسىۋال، سەۋر قىل. قىزىمـىز باشـقىلارنىڭ تەسـىرىگە ئۇچراپ كەتكەن ئوخشايدۇ. يېنىمىزدا بـىر مەزگـىل تۇرسـا تۈزىلـىدۇ ـ دېدى.

ئـاكىﯩ ئەپەنـدىنىڭ ئېيتقـانلىرى قارىماققـا تـوغرا ئىـدى، چـۈنكى ئــۆزگە ھەقــقەتەن تەســىرگە ئۇچرىغانــدى، لــېكىن بــۇ دادىســى

ئېيتقانـدەك ئۆتكـۈنچى ھەۋەس ئەمەس، بەلكـى ئىمانىنىـڭ تەسـىرى ئىدى.

ئـۆزگە كەلگىلـى بىـر ھەپـتە بولـدى. ئۆيـدە تـېخىچە كۆڭۈلسـىز كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئەرزۇرۇمـدىكى ۋاقتىـدا، نۇرجـان ھەدە ئۆزگەگە دوستى سالىھە خانىمنىـڭ ئادرىسىنى بەرگەنىـدى، ئـۆزگە بۈگۈن ئـۇ ئايـال بىـلەن كۆرۈشـمەكچى بولـدى. ئـۇ ئۆيـدىن چىقىش ئالدىدا:

ــ ئاپا! نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغىلى چىقىمەن، ـ دېدى.

ــ بۇ كىيىملىرىـڭ بىـلەن چىقساڭ بولمايدۇ، خەق كۆرسـە نـېمە دەيدۇ؟

ــ كۆرسە كۆرسۇن. كىيىملىرىم بىر ئوبدان تۇرامدۇ؟!

ــ ئۆزگە، تولا ئاچچىقىمنى كەلتۈرمە! مەن سېنى مۇشۇنداق قىلار دەپ بېقىپ چوڭ قىلدىممۇ؟

......

قىزىنىڭ جاۋاب بەرمىگىنىنى كۆرگەن تۈركان خانىم ئۈمىدلەندى ـ دە، ئاۋازىنى سىپايە چىقىرىشقا تىرىشىپ:

ــ جېـنىم قىـزىم، ماڭـا قـارا! سـېنىڭ كىيىلىشىڭ ئۈچـۈن ھېچنېمىمىزنى ئايىمىدۇق. دېگىنىڭنى قىلىپ بېرىپ چوڭ قىلدۇق، ـ دېدى.

ــ مېنى چوڭ قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ئىتائەت قىلىشىم كېرەك ئىكەن ـ دە؟

ــ ئەلۋەتتە. بۇ بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىق ھەققىمىز.

ــ ئىپتىقانلىرىڭ توغرا. لېكىن ئـاللاھ بىزنـى يـاراتتى، ياراتقـانلىقى ئۈچۈن بەنـدىلىرىنىڭ ئـۆزىگە قۇللـۇق بىلدۈرۈشـىنى تەلەپ قىلـدۇ. ئەگەر ئـۇ بىزنـى ياراتمىغـان بولسـا، سـەنمۇ مېنـى تۇغـۇپ، چـوڭ قىلالمايتتىڭ. بۇ جەرياندا ئاللاھ ساڭا ھەر دائىم ياردەم قىلدى. ئەمدى ئـويلاپ بـاققىن، بىـزگە ئاتـا قىلىنغـان نـېمەتلەر ئۈچـۈن ياراتقۇچىغـا قۇللـۇق قىلامدۇق ياكى ئۇنتۇرىدا ۋاستە بولغۇچىلارغىمۇ؟

ــ كاللامنى ئېلىشتۇرما. سەندىن نـېمە ئۈمـىدلەرنى كۈتكەنىـدىم. چەت ئەلگە چىقىرىپ، ئوقۇتماقچىدىم تېخى.

تۇركـان خـانىم بىـر نەرسـىنى ئېسـىگە ئالغانـدەك تۇيۇقسـىزلا سورىدى:

ــ ھە راست، سەن مەكتەپنى قانداق قىلدىڭ؟ مەكتەپلەردە رومال ئـارتىش چەكلەنـگەن تۇرسـا، سـەن مەكـتەپكە قانـداق بېرىۋاتىسـەن؟ ياكى...

ئاياغلىرىنى كىيىپ بولغان ئۆزگە ئاپىسىغا جاۋاب بەردى:

ــ مەكتەپكە بارالمىدىم، كاللىسى قاتماللىشىپ كەتكەن بىر ئوچۇم قاششاق رەھبەرلەر بېشىمدىكى بىر مېتىرلىق رەختتىن قورقـۇپ، مېنـى بىلىم ئېلىش ھوقۇقۇمدىن مەھرۇم قىلدى.

ــ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيۋاتىمەن. سەن مەدەنىي تۇرمۇشنىڭ نېمە زىيىنىنى كۆردۈڭ؟ ئىپتىقىنە قېنى، خەقلەر ئايغا چىقىۋاتسا، سەن يەردە

يالاڭئاياغ يۈرسەن. مەكتەپ، دىپلوم دېگەنلەر سېنىڭ ئۈچۈن بىر تىيىن ئىكەندە؟

ــ كەچتە كۆرۈشەرمىز ئاپا، ـ دەپ ئىشىكتىن چىقتى ئۆزگە.

تۇركان خانىم ئەسەبىيلەشكەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــ ياق، ئەمدى يول قويسام بولمايدۇ. سەۋرىنىڭمۇ چېكى بار، بۇنى بىر قورقۇتۇپ قويۇش كېرەك، ـ دەيتتى.

ئۆزگە بىلەن سالىھە خانىم تونۇشۇپ مۇڭداشتى. سالىھە خانىم بەكمۇ خۇشپېئىل، بىلىملىك ئايال ئىدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشقان بولسىمۇ، ئۆزگە ئائىلىسىدىكى ئەھۋال توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. نامازدىگەر ۋاقتى يېقىنلاپ قالغانىدى، ئۆزگە يۈركەنجىسىنى ئارتىپ، سالىھە خانىم بىلەن خوشلىشىپ چىقتى. ئۇدۇل كىتابخانىغا بېرىپ، بىر ـ ئىككى پارچە كىتاب سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيىگە ماڭدى. ئۆزگەنىڭ تۇرۇپلا كۆڭلى ئايلانغاندەك بولاتتى ـ يۇ: «بەلكىم ئاپام بىلەن قىلىشقان مۇنازىرىدىن بولسا كېرەك» دەپ ئۆزىنى بەزلەيتتى. ئۆيگە يېتىپ بېرىپ، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى باستى. تۇركان خانىم قولىدىكى پاپىرۇسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ، ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئىشىكنى قىيا ئېچىپ:

ــ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئاپىسى ئۆزگەنى قەستەن تونۇمىغان بولۇۋېلىپ، جاۋابىنى كۈتۈۋاتاتتى.

ــ ئاپا، ئىشىكنى ئاچقىنە!

ــ سەن كىم؟ تونۇيالمىدىم، يوقال، يوقال، يوقال!... دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئىشكنى ئۆزگەنىڭ يۈزىگە جاققىدە يېپىۋەتتى.

ئۆزگە ئاپىسىنىڭ بۇنچىۋالا قىلىپ كېتىشىنى ئويلىمىغاچقا، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي بىر ھازا داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. بارغۇدەك يېرىمۇ يوق ئىدى. قوشنىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال يولنىڭ نېرىسىدىكى مەسجىدكە قاراپ ماڭدى. تاھارەتخانىنىڭ ئاياللارغا مەخسۇس بۆلۈمىدە تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، مەسجىدنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە چىقتى. ئاياللار بۆلۈمى تەرەپكە قېلىن پەردە تارتىۋېتىلگەنىدى. ئۆزگە نامازدىگەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىنى، ھەقىقەت يولىدا باتىللارغا باش ئەگمەسلىكى ئۈچۈن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىشىنى تىلەپ دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن، سومكىسىدىن يېڭى ئالغان كىتابىنى ئېلىپ، بىر نەچچە ۋاراق ئوقۇغان بولسىمۇ، كاللىسىغا ھېچنېمە چۈشمىدى. كىتابنى قويۇپ، تەكچىدىكى قۇرئان كەرىمنى ئالدى ـ دە، ئۇدۇل كەلگەن بىر بەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«نۇن. قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد) سەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ نېئمىتى بىلەن، (مۇشرىكلار ئېيتقاندەك) مەجنۇن ئەمەسسەن. مۇقەررەركى، سەن ئەلۋەتتە ئۆكسمەس ساۋابقا ئېرىشسەن. (ئى مۇھەممەد) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن. كەلگۈسىدە قايسىڭلارنىڭ مەجنۇن ئىكەنلىكىنى سەن كۆرىسەن، ئۇلارمۇ كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، سېنىڭ

پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئىنكار قىلغۇچىلارغا ئىتائەت قىلمىغىن. ئۇلار سىنىڭ (ئۆزلىرى بىلەن) مادارا قىلىشىڭنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ (سەن بىلەن) مادارا قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە)گە ئىتائەت قىلمىغىن. بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز ئۇنىڭغا ئوقۇلۇپ بېرىلسە، ئۇنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئوغۇللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ،«(بۇ) بۇرۇنقىلارنىڭ ھېكايىلىرىدۇر» دەيدۇ.»

ئۆزگە كۆڭلىدە:«ئىتائەت قىلمايمەن، پەرۋەردىگارىم. سېنىڭ ئەمرىڭگە خىلاپ بولغان ھېچبىر نەرسىگە ئىتائەت قىلمايمەن» دېدى ۋە سۈرىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇدى: «قۇرئان پەقەت تامام ئەھلى جاھان ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەتتۇر.»

ئۆزگە ئۆزىنىڭ بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ قېلىشىنىڭ تاسادىپىيلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئاللاھ تائالا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرغان ئۆزگەگە قۇرئان ئارقىلىق: «سەۋر قىل ۋە نىيىتىڭدىن يانما» دەپ جاۋاب بېرىۋاتاتتى.

ناماز شامنىڭ ۋاقتى كىرگەنىدى، ئۆزگە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناماز شامنى ئوقۇدى ۋە بىر ھازاغىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. نامازدىن كېيىن، مەسجىدنىڭ چىرىقى ئۆچۈرۈلۈپ، ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنىدى. شۇڭا كىتاب ئوقۇشقىمۇ

ئامال قىلالمىدى. تەسىبىھ سىيرىپ ئولتۇرۇپ، مۆگدەك باسقاندەك ھېس قىلغان بولسىمۇ، ئۇخلىماسلىقا تىرىشتى. چۈنكى تېخى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇمىغانىدى.

خۇپتەن نامىزىمۇ ئوقۇلۇپ، جامائەت چىقىپ كەتتى. شۇنچە چوڭ مەسجىدتە يالغۇز قالغان ئۆزگەنى سۈر باسقاندەك بولۇپ، ئىچىدە سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناسنى ئوقۇدى. ئاندىن بۇ سۈرىلەرنىڭ مەنىسىنى ئويلىدى، شۇندىلا كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئاللەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا تاپشۇرغانىدى. كىممۇ ئۆزگەنى ئۇنىڭدىن ياخشى قوغدىيالايتتى؟!

كۆپ ئۆتمەي، ئۆزگە ئۇيقۇغا غەرق بولدى. چۈشىگە نۇرجان ھەدىسى كىردى، نۇرجان ھەدىسى ئۆزگەگە:

ــ قېنى كەل، بىزنى ساقلاپ قالدى... دېدى. ئۆزگە ئورنىدىن تۇرۇپ، نۇرجان ھەدىسىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. ئۇلار ماڭا ـ ماڭا، بۆك ـ باراقسان بىر بوستانلىققا كىردى. بوستانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگىنىدە، ئىشىكنى ئاپئاق ساقاللىق بىرەيلەن ئاچتى. نۇرجان ھەدە ئىشىكنى ئاچقان كىشىگە سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۆزگەنى باشلاپ ئۆي ئىچىگە كىردى. نۇرانە يۈزلۈك بىر ئايال ئەتراپىدا چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئاياللار جامائىتىگە بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئۆزگە:

ــ نۇرجان ھەدە، بۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. نۇرجان: «گەپ قىلما!» دەپ ئىشارەت قىلدى، ئۆزگە ئايالنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى:

ــ ھەر كىم ئۆزىنىڭ نىمىگە ئېتىقاد قىلىدىغىنىنى ئىسپاتلىشى كېرەك. ئىماننىڭ ئىمتىھانى بار، ئىمان ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلەر كۈلپەتلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ.

ئۆزگە بىردىنلا يوغان بىر ئۆمۈچۈك كۆردى، نۇرجان ھەدە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ــ سىڭلىم ئۆزگە، ئۆمۈچۈك سۈرىسى يادىڭدىمۇ؟ ـ دېدى.

ئۆزگە مۇئەززىنىنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى، چۈشىنىڭ داۋامىنى كۆرەلمىدى. بامدات ۋاقتى بولغانىدى.

ــ ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر!...

ئۆزگە ئەزاننىڭ ماھىيىتىنى ئويلاشقا باشلىدى. نۇرجان ھەدە بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «ئەي قېرىنداشلىرىم، سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭلار! ئاللاھۇ ئەكبەر، يەنى ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئەزان ــ نىدا، چاقىرىقتۇر. ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ئۆزەڭلارنىڭ نامازغا چاقىرىلىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىش بىلەن بىرگە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرىلىدىغانلىقىڭلارنىمۇ يادىڭلاردىن چىقارماڭلار. ئەزان سىلەرگە مەھشەر كۈنىنى ئەسلەتسۇن. بەلكىم بۈگۈن بۇ چاقىرىققا ئاۋاز قوشماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما قىيامەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشماي ھەددىڭلار ئەمەس. ئەزاننى مۇشۇنداق ئىدراك قىلىڭلار ۋە دەرھال ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ: لەببەيكەللاھۇممە لەببەيك، ئى رەببىم، ساڭا كەلدىم، چاقىرىقىڭغا ئاۋاز قوشۇپ كەلدىم! ـ دەڭلار. نەپسىڭلارغا ھەرگىز بويۇن ئەگكۈچى بولماڭلار، چۈنكى

ئىسلامدا ئىخلاس ھەممىدىن مۇھىم. يۈرەككە، قەلبكە سىڭمىگەن ئىمانىنىڭ ئەھمىيىتى ئەكس ئېتىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ئىمانى ئەڭ ئاۋۋال يۈرەكتە، ئاندىن ۋۇجۇدتا ھۆكۈمران ئورۇنغا چىقىرىش، ئاللاھ رازى بولمايدىغان ھەرقانداق ئىشتا، ھەرقانداق شەخسكە بويۇن ئەگمەسلىك كېرەك.»

ئۆزگەنىڭ خىيالى مۇئەززىننىڭ: «قەدقامەتىسسالاھ» دېگەن سۆزى بىلەن ئۈزۈلدى. تاھارەت ئېلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما تالاغا چىقسا، باشقىلارنىڭ خاتا چۈشىنىپ قېلىشىدىن قورقتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەجىبا، بۇ ئەھۋالدا تەيەممۇم قىلسا بولارمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۆزگە. ئۇ: «سۇ ئىشلىتىشكە ئىمكانىيەت بولمىغاندا تەيەممۇم قىلسا بولىدۇ» دېگەن قائىدىنى بىلەتتى، لېكىن ھازىرقى ئەھۋالى بۇ قائىدىگە چۈشەرمۇ؟ ئۆزگە كۆڭلىدە: «پەرۋەردىگارىم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئالقىنىنى تامغا تەگكۈزۈپ، تەيەممۇم قىلدى ۋە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى.

بىردىنلا ئۆزگەنىڭ يادىغا ھېلى كۆرگەن چۈشى كەلدى. ھە راست، چۈشىدە نۇرجان ھەدىسى: «ئۆمۈچۈك سۈرىسى...» دېگەنىدىغۇ؟ «ئۆمۈچۈك»نىڭ ئەرەبچىسى نېمە بولغىيدى؟ نۇرجان ھەدىسى ئۆزگەگە ئېيتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزگە ئەسلىيەلمەيۋاتاتتى. ئەجىبا، بۇ چۈشى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغاندۇ؟

ئۆزگە دەرھال قۇرئاننى ئېلىپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. «مانا تاپتىم» دېدى ئۆزگە، «سۈرە ئەنكەبۇت»نىڭ ئاستىغا: «ئەنكەبۇت

ئەرەبچە ئۆمۈچۈك دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. ئۆزگە سۈرىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار ‹ئىمان ئېيتتۇق› دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق. ئاللاھ (ئىمانىدا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىمانىدا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ...». دېمەك، ئاللاھ تائالا «ئىمان ئېيتتىم» دېگەن ئۆزگەنى سىناقتىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، بۇ بىر ئىمتىھان ئىدى. ئۆزگە سەۋر قىلىشى ۋە ھەرگىزمۇ ۋاز كەچمەسلىكى كېرەك ئىدى.

تۇركان خانىم ۋە يولدىشى كېچىچە تىك ئولتۇردى. ئاكىنى ئەپەندى ئايالىغا قاتتىق ئاچچىقلاندى ۋە ئەگەر قىزىنىڭ بېشىغا بىرەر پالاكەت كېلىپ قالىدىغان بولسا، تۇركان خانىمدىن ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۆزگە پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، تېلېفون قىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقا، دادىسى ئۆيدە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. «ئەجەبا، ساقچىغا مەلۇم قىلغانمىدۇ؟» دەپ ئويلايتتى ئۆزگە. تېلېفوننى دادىسى ئالدى. ئۆزگە:

— دادا!... دېدى.

— ئۆزگە، قىزىم نەدىسەن؟

— قارارىڭلارنى سوراپ بېقىش ئۈچۈن تېلېفون قىلغانىدىم.

ــ سەندىن بەكمۇ ئەنسىرىدۇق، جېنىم قىزىم، ئۆيگە قايتىپ كەلگىن!

ــ مېنى مۇشۇ ھالىم بىلەن قوبۇل قىلساڭلار قايتىمەن.

ــ ماقۇل، سەن ئاۋۋال قايتىپ كەلگىن. قالغان گەپنى كېيىن قىلىشارمىز. ھازىر نەدىسەن؟

ــ بولىدۇ، ھازىرلا بارىمەن.

ئۆزگە ئۆيگە قايتىپ، ئۇدۇل ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ھېچكىم ئۇنىڭ كېچىچە نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغانلىقىنى سورىمىدى. تۇركان خانىم: «رەسۋا بولىدۇق، بۇ قىز خەلقى ئالەمنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى يەرگە قاراتتى» دەپ يىغلايتتى. ئاكىسى ئەپەندى قىزى بىلەن بۇ ھەقتە بىر نەچچە قېتىم سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ئۆزگە: «بۇ مېنىڭ ئىمانىم، ئېتىقادىم. بۇنىڭدىن ۋاز كېچىشىم مۇمكىن ئەمەس» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

تۇركان خانىمنىڭ يېقىنلىرى ئۆزگەنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، غەيۋەت ـ شىكايەتنى باشلىۋېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئېچىنغان نەزەردە قاراشلىرى تۇركان خانىمنى تېخىمۇ تېرىكتۈرەتتى. قىزىنىڭ دوستلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يەرگە قاراتقىنىنى ئويلىسىلا، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇراتتى. شۇڭا قىزىغا ئارتۇقچە گەپمۇ قىلمايتتى، قىلغان تەقدىردىمۇ تەنە گەپلەر بىلەن زەھرىنى سانجىيتتى. ئۆزگە بولسا، ئاپالىنىڭ بىرىچە ئاپىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشاتتى. ئىمان

مەسلىسىدىن باشقا ئىشلاردا ئاپىسىنىڭ گەپلىرىگە قارشى چىقمايتتى.

ئالتە ئاي مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى، نۇرجان ھەدە ئۆزگەگە تېلېفون قىلغانىدى، تېلېفوننى ئاپىسى ئېلىپ، نۇرجان ھەدىنى ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەر بىلەن ھاقارەتلىدى. ئۆزگە بۇ ئىشقا تولىمۇ ئازابلاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە قاچانغىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. سىرتقا چىقىش، كىتاب ئوقۇش، تېلېفون قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى چەكلەنگەنىدى. ئاپىسى ئۆيدە رادىئو ۋە تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا ئېچىپ، ئۆزگەنى زېرىكتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق ئامال - چارىنى ئىشقا سالاتتى.

بىر كۈنى ئۆزگە يۇيۇنىۋاتقىنىدا، ئاپىسى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، ھىجابلىرىنى يىرتىپ پارە - پارە قىلىۋەتتى. ئۆزگە مۇنچىدىن چىقىپ، مۇزلىغاندەك بولدى - دە، جىلتكىسىنى ئېلىش ئۈچۈن كىيىم ئىشكابىنى ئېچىپ، داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە: «ئاھ خۇدا! پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بۇ پەقەت فرانسۇزلارنىڭ، يەھۇدىيلارنىڭ مەنتىقىسى. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن باشقا كىممۇ ھىجابتىن نەپرەتلىنەر؟» دەپ پىچىرلىدى. ئۆزگە ئاپىسىنىڭ ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى پەملىگەنىدى ۋە ھەر ئېھتىمالغا قارشى ھىجابتىن يەنە بىرنى ئېلىپ، ياستۇقىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغانىدى.

ئۆزگە كىيىنىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، تەييار بولدى. يىرتىلغان ھىجابنى كارىۋىتىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى ۋە ئاپىسىغا كۆرۈنمەيلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

«ئاھ خۇدا! ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى نەگە بېرىپ، كىمنىڭ ئىشىكىنى چېكەرمەن؟ كېتىۋاتىمەن، ئەمما نەگە بېرىشىمنى بىلمەيمەن. ئەجىبا، بۇنى ھىجرەت دېگىلى بولارمۇ؟ ئاللاھ مېنىمۇ مەككىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان مۇھاجىرلار قاتارىدا كۆرەرمۇ؟ كىتابلاردىن ئوقۇشۇمچە، مەككىدىن ئايرىلىش ئۇلارغا بەكمۇ ئېغىر كەلگەنىكەن. ئەمما ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن كىشىگە ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئاسان تۇيۇلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، بۇ قىيىنچىلىقلاردا روھىم تېخىمۇ تاۋلىنىدۇ. نۇرجان ھەدىنىڭ دېگىنىدەك، مەدىنىنىڭ سائادىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، مەككىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈشىمىز ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئەممار، بىلال ۋە سۈمەييەلەردەك جەڭگىۋار روھقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك.»

بۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۆزگەنىڭ كاللىسى بىردىنلا يورۇپ كەتتى. «توغرا، نۇرجان ھەدىنىڭ يېنىغا باراي. ئۇ بىر ئامالىنى قىلىدۇ.»

ئۆزگەنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كەتكىنىنى بىلگەن تۈركان خانىم تولىمۇ ئەنسىرىدى. شۇنداقتىمۇ: «كەچكىچە كېلىپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە ساقلاپ باقتى. ئەمما ئۇ خاتالاشقانىدى، چۈنكى ئۆزگە ئەمدى قايتىپ كەلمەيتتى. ئۇ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ، كىتاب ۋە خاتىرە دەپتەرلىرىنى ئاختۇردى. تەرەپ ـ تەرەپكە تېلېفون بېرىپ قىزىنى

سۈرۈشتۈرگەن بولسمۇ، ھېچبىر يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى. ئاكىسى ئەپەندى ئاخىرى چىدىيالماي، خوتۇنىغا زەردە بىلەن:

ــ بولدى، ئەتە سۈرۈشتۈرەرسەن. ئەرزۇرۇمغا كەتكەن بولسا، ئەتە ئاران يېتىپ بارالايدۇ، ـ دېدى.

ــ خەپ، قىزىمنىڭ بېشىنى قايىدۇرغان ئۇ مۇتەئەسسىپلەرنى تېپىۋالىدىغان بولسام، قىزىمغا قىلغانلىرىنى بۇرنىدىن بۇلاق قىلىۋېتىمەن!

ئاكىسى ئەپەندى:

ــ بولدى بەس! ئۆزەڭنى بېسىۋال. سېنىڭ دەستىڭدىن بۇ ئىش مۇشۇنداق چوڭىيىپ كەتتى. قىزىم بولمىسا مەن ياشىيالمايمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئەمدى كاللاڭنى سىلكىۋەتمىسەڭ، قىزىمىزنى بىراقلا قولدىن چىقىرىپ قويىمىز، ـ دەپ ۋارقىدى.

ــ مەن پەقەت چىدىيالمىدىم، مېنىڭمۇ ھالىمغا يەتكىن. تاقەت قىلغۇچىلىكىم قالمىدى. قىزىم مومىسىدىنمۇ بەتتەر بولۇپ كەتتى. ھە راست، ئۇ مومىسىنىڭ قېشىغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ـ دېدى ۋە دەرھال تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئۆزگەنىڭ ئۇ يەرگىمۇ بارمىغانلىقىنى ئۇقۇپ، لاسىدە بولۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا، ئارىق ئەپەندىلەرنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئىشىكنى ئاچقان مەريەم خانىم:

ــ ئۆزگە سەنمىدىڭ؟ نىمانداق ئۆزگىرىپ كەتتىڭ؟ قېنى، ئۆيگە كىرگىن! ـ دېدى ۋە ئۆزگەنى ئۆيگە باشلىغاچ، تېخى ھېلىلا تۈركان

خانىمنىڭ تېلېفون قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەكمۇ ئەنسىرىگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن:

ــ خالىساڭ، ئۇلارغا خەۋەر بېرىۋېتەيلى، ـ دېدى.

ــ ياق، ھازىر ۋاقتى ئەمەس. سىلەرگە مالال كەلمىسە، مومامنىڭ قېشىدا بىر نەچچە كۈن تۇراي دەپ كەلگەنىدىم.

ــ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ تاغاڭنىڭ ئۆيىمۇ ئۆز ئۆيۈڭدەك، خاتىرجەم تۇرۇۋەرگىن. ئۆيدە باللارمۇ يوق، سېنىڭ كەلگىنىڭ بىر ھېسابتا بىزگىمۇ ياخشى بولدى.

ــ ئايشەن يوقمۇ؟

ــ ئۇ دەم ئېلىش كۈنلىرى كېلىدۇ. بۇ ھەپتە ئاخىرى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. يۇنۇسمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولغاندىن بېرى، ھەپتە ـ ئون كۈندە بىر كېلىپ قويىدۇ.

ئۆزگە ئۇدۇل مومىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. جەملە موماي نەۋرىسىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى، ئىككىسى سېغىنىش بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. بىر ئازدىن كېيىن مەريەم خانىم چاي راسلاپ، ئۇلارنى چاقىردى. ئۆزگە چاي ئىچكەچ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. ئۆزگەنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغان جەملە موماي ئىچىدە: «بىر ئانا ئۆز ئەۋلادىنى بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرەمدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى. دېپلوم سەۋداسى مەريەم خانىم ئېچىنغان ھالدا:

ــ قىزىم، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىمۇ يوللۇق. مەكتەپكە بارمىساڭ، دىپلومنى قانداق ئالىسەن؟ كاشكى مەكتەپ ئىچىدە بېشىڭنى ئېچىپ يۈرۈپ ئوقۇشۇڭنى پۈتتۈرۈۋالغان بولساڭ، ئوقۇش تۈگىگەندە بىر گەپ بولاتتى، ـ دېدى.

ــ مەكتەپ پۈتكەندىن كېيىن قانداق قىلىمەن؟ ئۇ ۋاقىتتا پېنسىيەگە چىققىچە بىر ئېچىپ ـ بىر يېپىپ يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. يەڭگە، بۇ خالىغانچە ئېچىپ ـ يېپىپ يۈرىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئەمرى. سەن بۇنداق دېسەڭ، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بىلىپ تۇرۇپ خىلاپلىق قىلغان بولىسەن.

ــ قىزىم! ھېچ بولمىغاندا ئۆز نېنىڭنى ئۆزەڭ تېپىپ يېيەلىگۈدەك ھالغا كېلىۋالساڭ ياخشى بولاتتى. ياخشى كۈننىڭ يامىنىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

ــ يەڭگە! مەنمۇ دەل ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالمىسۇن دەپ، ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە رىئايە قىلىشنى ئۇيغۇن كۆردۈم. ئۆلگەندە ئىمانسىز كېتىپ قالسام، دىپلوم ماڭا ياردەم قىلالامدۇ؟ ئەمدى مېنىڭ سۆزلىرىمنى دىققەت قىلىپ ئاڭلا! ماڭا ئىككى ئىلاھتىن ئەمر كەلدى.

مەريەم خانىم چۆچۈگەن ھالدا:

ــ تووۋا دېگىنە قىزىم! ـ دېدى ۋە ئىچىدە: «ۋاي ئىسىت! ياپ ـ ياش تۇرۇپ كاللىسىدىن كېتىپتۇ» دەپ ئويلىدى.

ئۆزگە:

ــ ئەلۋەتتە دەيمەن، تووۋا دېيىشتىنمۇ ئەۋزەل ئىش يوق، ئەمما مەن هازىر تووۋا دېگۈدەك گەپ قىلمىدىم. ئاللاھ يالغۇزدۇر ۋە مېنىڭ ئىلاھىمدۇر. ئىككى ئىلاھىنىڭ بىرىنچىسى، ھەقىقىي ئىلاھ بولغان ئاللاھتۇر. ئاللاھ ماڭا: «ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا بېشىڭنى ئېچىشىڭغا رۇخسەت يوق» دېدى. ئىككىنچىسى بولسا، ئۆزىنى ئىلاھ دەپ ئاتىۋالغان، ئاللاھنىڭ قانۇنىغا قەستەن قارشى چىقىۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار: «بېشىڭنى ئاچ» دېدى. مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن ھەقىقىي ئىلاھ بولغان ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى تاللىغىنىم خاتامۇ؟

ــ ياقەي، خاتاغۇ ئەمەس، لېكىن ئاللاھنىڭ رەھمىتى كۆپقۇ؟ بەلكى كەچۈرۈۋېتىشى مۇمكىن.

ــ سەن قانداق بىلىسەن؟

ــ نېمىنى؟

ــ ئاللاھنىڭ كەچۈرۈۋېتىدىغانلىقىنىچۇ؟

جەملە موماي ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىدىن بىئاراملىق ھېس قىلىپ، گەپنىڭ تېمىسىنى يۆتكىمەكچى بولدى ۋە ئۆزگەگە قاراپ:

ــ قىزىم! ئاپاڭلارغا خەۋەر بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار ئەنسىرەپ، ساقچىغا خەۋەر قىلىپ يۈرمىسۇن يەنە، ـ دېدى.

ــ خاتىرجەم بول، ئۇلار ساقچىغا خەۋەر قىلمايدۇ، چۈنكى ئابرۇيىغا تەسىر يېتىشىدىن قورقىدۇ. ئەنسىرىسە ئەنسىرىسۇن. ئۇلارغا تېلېفون بەرمەيمەن. يۇنۇسلار قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

مەريەم خانىم ماختانغان ھالدا:

ــ كۆپ شۈكرى، ھال ـ كۈنى تولىمۇ ياخشى، ئۆيدە ھېچنېمىسى كەم ئەمەس، توققۇزى تەل.

ــ شۇنداقمۇ؟ ئايشەنچۇ؟

ــ ئۇنىڭغىمۇ چاي ئىچۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. يىگىتى ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈشىدىكەن. بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرمىدۇق، سەن سورىساڭ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، نەچچە كۈندىن بېرى تېلېفون قىلىپمۇ قويمىدى، نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟

ئارىپ ئەپەندى بۇ پاراڭلاردىن خەۋەرسىزلا ئۆزگەنىڭ ئۆيگە تېلېفون قىلىپ، ئۆزگەنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەنسىرىمەسلىكىنى ئېيتىپ قويدى، ئۆزگەنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆزگەنىڭ كەلگىنىگىمۇ بىر ھەپتە بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئايشەن ئۆيگە بىرەر قېتىممۇ تېلېفون قىلىپ قويمىدى. مەريەم خانىم بىر كۈنى ئۇنىڭ ئىش ئورنىغا تېلېفون قىلدى، لېكىن خىزمەتداشلىرىنىڭ: «ئايشەن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئالغانىدى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە كاللىسىدا: «ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ سۆيگۈنى بىلەن قېچىپ كەتكەنمىدۇ ـ يا؟ قاچمىسىمۇ، بىز ئۇنى بەرمەيمىز دېمىگەنىدۇققۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلىدى. شۇنداقتىمۇ، دەرھال يولدىشىغا تېلېفون قىلىپ، ئەھۋالنى ئېيتتى. قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالغان ئارىپ ئەپەندى دەرھال بۇرسىغا

قاراپ يولغا چىقتى. بۇرسىغا چۆشۈپلا، ئۇدۇل ئايشەنىڭ تۇرالغۇسىغا باردى. ئىشىكنى شۇنچە قاققان بولسىمۇ، ھېچكىم ئاچمىدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇلۇپنى بۇزۇپ ئىچىگە كىرگەن ئارىف ئەپەندى كۆز ئالدىدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. ئايشەن ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان بولۇپ، جەسىدى تورۇستا پۇلاڭلاپ تۇراتتى...

* * * * *

ئەتىسى، گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇنداق خەۋەر يېزىلغانىدى: «ئاشىق ئۆلۈم ئېلىپ كەلدى، گۈزەل ئايشەن سۆيگۈنىنىڭ تاشلاپ كەتكىنىگە چىدىيالماي ئۆلۈۋالدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، ئايشەنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.»

شۇنداق، ئايشەن ئالدامچى سۆيگۈنىڭ قۇربانىغا ئايلانغانىدى.

ئاكىف ئەپەندى بۇ ۋەقەنى رادىئونىڭ ئەتىگەنلىك خەۋەرلىرىدىن ئۇقتى ۋە دەرھال يالۋاغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۆزگە ئاپىسى بىلەن كۆرۈشكىنىدە بېقىشلىرىغا نۇرغۇنلىغان چوڭقۇر مەنىلەر يوشۇرۇنغانىدى، ئەمما ئاپىسىنىڭ بۇنى چۈشەنگۈچىلىكى يوق ئىدى.

بۇ تۇيۇقسىز ۋەقە پۈتۈن ئائىلىدىكىلەرنى تولغەشتۈرۈۋەتتى. بولۇپمۇ، مەريەم خانىمنىڭ ھېچ دەرمانى قالمىدى. ئايشەنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، تاۋۇتى مۇرىلەرگە ئېلىندى. كىشىلەر خۇددى مېيىتنى تېزراق دەپنە قىلىۋېتىشكە ئالدىراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلغاندا، مەريەم خانىم قوللاقنى پاك قىلىشقەتكۈدەك دەرىجىدە نالە - پەرياد كۆتۈردى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ، قىزىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمىگە سەۋەب بولغانلارنى توختىماي تىللاپ قارغايتتى. ئايشەن ئۆلۈۋېلىشتىن بۇرۇن بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويغان بولۇپ، خېتى قىسقا، لېكىن مەنىلىك ئىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئاپا، دادا! ئەسلىدە مومامنىڭ ئېيتقانلىرى ئورۇنلۇق ئىكەن. مەن نەپسىمنىڭ قۇربانىغا ئايلاندىم، ئۆلۈمۈمگە ھېچكىم جاۋابكار ئەمەس. مېنى كەچۈرۈڭلار!»

ئايشەنىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، جامائەت ھەر ئاخشىمى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قۇرئان ئوقۇشقا باشلىدى، بۇ بىر ھەپتە داۋاملىشاتتى. ھايات ۋاقتىدا قۇرئاننى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمىغانلار ئۇچۇن ئۆلۈمىدىن كېيىن يەتتە كۈن قۇرئان ئوقۇش...؟ ئەمەلىيەتتە قۇرئان پەقەت تىرىكلەر ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچ ۋە ھايات كومپاسى ئىدى.

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتتى. ئۆزگە تېخىچە ئۆيگە قايتمىدى، قايتىشنىمۇ ئويلاشمىغانىدى. ئۇ مومىسى بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرۇۋاتاتتى. مومىسى ئىككىسى ئاخشاملىرى ئۇيقۇسى كەلگىچە كىتاب ياكى قۇرئان ئوقۇيتتى. ئۆزگە بۇ ئاخشام مۇقاۋىلىرى كونىراپ كەتكەن قۇرئاننى كىتاب جازىسىدىن ئېلىپ، مومىسىغا:

— بۈگۈن بۇنى ئوقۇيلى، - دېدى. قۇرئاننى ئېچىشىغا ئىچىدىن بىر كونىۋېرت يەرگە چۈشتى. ئۆزگە قىزىقسىنىپ كونىۋېرتنى قولىغا ئالدى ۋە مومىسىدىن:

ــ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ئەكەلگىنە كۆرۈپ باقاي. ھە، بۇمۇ؟ ھېچنېمە.

ــ مەخپىيەتلىك ئوخشىمامدۇ؟

ــ ھېچكىمگە ئېيتمىساڭ، دەپ بېرىمەن.

ــ ماقۇل، دېمەيمەن.

ــ يۇنۇسنىڭ بىر دوستى بار ئىدى، ھېلىقى ئاتا ـ ئانىسى يوق بالا. ئىسمى ئۆمەرغۇ دەيمەن؟

ــ ھە، ھە، شۇ. ھېلىقى دىندار بالا.

ــ ئۇنىڭغا ئايشەن ئارقىلىق پات ـ پات پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتىم. بۇلار شۇ ئەۋەتىلگەن پۇللارنىڭ تالونلىرى، بۇ يەرگە قىستۇرۇپ قويۇپ، ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن.

ــ تولىمۇ ياخشى ئىش قىپسەن موما. پۇل دېۋىدىڭ، بىر ئىش يادىمغا كەلدى، ـ دېدى ۋە مومىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، پىچىرلاپ:

ــ مەن يۇنۇستىن بىر ئاز گۇمانلىنىپ قالدىم.

ــ قانداق دەيسەن؟

ــ ئۇنىڭ ئازغىنە مائاشى بىلەن ئۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى سەنچە نورمال ئەھۋالمۇ؟

ــ مەن پۇل ئىشلىرىنى بەك بىلىپ كەتمەيمەن.

جەملە مومای سۆزنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزگە:

— شۇنداقتىمۇ، بىر ئىدارىدە بوغالتىرلىق قىلىپ ئالغان مائاش بىلەن بۇنداق تۇرمۇشقا ئېرىشكىلى بولاتتىمۇ؟ - دېدى.

— راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ گۇمانلانغان ئىدىم. بىر قېتىم نۇرتەن ئىككىسى ۋارقىرىشىپ قالدى.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— يۇنۇس نۇرتەننىڭ دېگىنىنى ئېلىپ بەرمەپتىمىش، كەمبەغەلچىلىكتە ياشاۋېتىپتىمىش. يىغىپ ئېيتقاندا، نۇرتەن تويمىغۇرلۇق قىلىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، يۇنۇسنىڭ دىنغا بولغان قىزىقىشىدىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك تۇرىدۇ. بۇرۇن بۇ ئىشلارغا ئانچە - مۇنچە كۆڭۈل بۆلەتتى.

— هەي... قىزىم! ئەر كىشى ئۈچۈن دىندار ئايال تولىمۇ مۇھىم.

— ئاللاھ ئاقىۋىتىنى خەيرلىك قىلسۇن! ئۇ ئاغىنىسى هازىر نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟

— بىلمەيمەن. بولدى، ئەمدى ئۇخلايلى. بولمىسا، تەهەججۇد نامىزىغا قوپالماي قالمايلى يەنە.

ئۆمەر فارۇق بولسا، ئەسكەرلىكتىن قايتىپ كېلىپ، مۇمىن ئاكىسىنىڭ ئۆيىدە ئىجارىگە ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئەسكەرلىكتىن كەلگىچە، مۇمىن ئاكىسى ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ قويغانىدى. ئۆمەر فارۇق تۇرمۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، هەپتىدە ئۈچ ئاخشام

دىنىي ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن دەرسكە بېرىشقا باشلىدى. ۋاقتى چىقسىلا، كۆپرەك كىتاب ئوقۇشقا تىرىشاتتى.

* * * * *

ئەتىسى، ئەسىر نامىزى ۋاقتى ئىدى. مەريەم خانىم كىرىسلودا يېغلاپ ئولتۇراتتى. ئۆزگە پۈتۈن ئىشلىرىنى توگىتىپ، چاي دەملىدى. ئاۋۋال مومىسىغا، ئاندىن مەريەم خانىمغا چاي تۇتتى. شۇ ئەسنادا تېلېفون جىرىڭلىدى. ئۆزگە تېلېفوننى ئېلىپ:

ــ ياخشىمۇ سىز... ھە، نۇرتەنمۇ سەن؟ ـ دېدى.

نۇرتەن يىغلاۋاتاتتى. ئۆزگە ئۆيدىكىلەرگە چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ھالدا:

ــ قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن، نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ يۇنۇسنى ساقچى تۇتۇپ كەتتى.

ــ نېمىشقا؟

ــ دەرھال كەلگەن بولساڭلار، ـ دەپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى نۇرتەن.

ئۆزگە: «نېمە دەركىن» دەپ قاراپ تۇرغان مومىسى بىلەن مەريەم خانىمغا:

ــ نۇرتەن بىزنى بىر كېلىپ ـ كېتىڭلار دەيدۇ، ـ دېدى.

مەريەم خانىم:

ــ نېمە بوپتۇ؟ بەك جىددىي ئىش بولمىسا، ئاخشاملىققا بارارمىز، ـ دېدى.

ــ يۇنۇسقا بىر ئىش بولغان ئوخشايدۇ.

ــ يەنە سوققۇشۇپ قاپتىمۇ؟ بىچارە بالام تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ پۇل تېپىپمۇ، يەنە خوتۇنىنىڭ كۆزىنى تويغۇزالمايۋاتىدۇ. كىم بىلىدۇ، يەنە نېمىگە كۆزى چۈشتى.

يۇنۇسلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مەريەم خانىم شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى. كۆپچىلىك ئۇنى ئالدىراش ـ تېنەش دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

.....

ئەتىسى، ئۆمەر فارۇق ئىشقا كېتىۋېتىپ، مىنىبۇستا تېپىۋالغان گېزىتتىكى بىر خەۋەرنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدى. «دەل ئۆزى شۇ» دەپ ئويلايتتى ئىچىدە. خەۋەردە مۇنداق يېزىلغانىدى: «××××× شىركىتىنىڭ بوغالتىرى يۇنۇس شاھىن خىروئىن سېتىۋاتقاندا قولغا ئېلىندى.»

ئۆمەر فارۇق تولىمۇ ئازابلاندى، ئىش ئورنىدىن رۇخسەت سوراپ، ئۇدۇل تۈرمىگە باردى ۋە قاتتىق تەكشۈرۈشلەردىن كېيىن، كۆرۈشۈش ئورنىغا كىردى. يۇنۇس ئۆمەرنى دەماللىققا تونۇيالمىدى. ئۆمەر:

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ ـ دېدى. يۇنۇس:

ــ ھە، ئۆمەر فارۇق سەنمىدىڭ؟ بۇ يەرگە كېلىشىڭنى پەقەت ئويلىماپتىمەن، ـ دېدى ۋە خىجىللىق ئىلكىدە يەرگە قارىدى. ئۆمەر ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ:

ــ ھەممە كىشى خاتالىشىدۇ. مۇھىمى خاتالىقنى تونۇپ، پۇشايمان قىلىش، ـ دېدى. يۇنۇس چۈشكۈن ئاۋازدا:

ــ ئاغىنە! بىر ئەمەس، مىڭبىر پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئەمما بولغۇلۇق بولدى....

ــ قانداق بولۇپ بۇ ئىشنى قىلىپ سالدىڭ؟

ــ سورىمايلا قوي. ئاھ، سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ توغرا چىقتى.

ــ قايسىنى دەيسەن؟

ــ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ بۇ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەشكەن ئىدۇققۇ؟

ــ ھە، ئەمدى چۈشەندىم. بۇ زەھەرنى ئۆزەڭ چەكمىگەنسەن؟

ــ ياق، پۈتۈنلەي ئۆيدە قولىقىم تىنجىسۇن دەپ قىلغانىدىم. دوستۇم، ساڭا ئېيتسام، مەن يالغان سۆيگۈ ۋە مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان نىكاھنىڭ قۇربانى بولدۇم.

ــ ئۆزەڭ چەكمىگەن بولساڭ، ياخشى بوپتۇ. ئەلۋەتتە، ئىنسان ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى باشقىلارغىمۇ راۋا كۆرمەسلىكى كېرەك. لېكىن بولغۇلۇق بولدى. ماڭا قارا، بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجىڭ بولسا، مەن ھەر زامان تەييار. ئەقىدەمگە زىت كېلىدىغان ئىش بولمىسىلا، ھەرقانداق تەلىپىڭنى ئورۇنلايمەن.

يۇنۇس ئوڭايسىزلىنىپ:

ــ سەن ئەسكەرلىككە كەتكەندە، مەن بىر ئەر قېتىممۇ ئىزدەپ قويمىغانىدىم، ـ دېدى.

ــ ھېچقىسى يوق، مەن مىننەت قىلمايمەن.

ئۆمەر يۇنۇسنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي پۇل تۇتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭغا كىتاب ئەكېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار خوشلىشىۋاتقاندا، ھىجابلىق بىر قىز بىر مومايىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەن ھالدا كۆرۈشۈش ئۆيىگە كىرىپ كەلدى. ئۆمەر جەمئىلە مومايغا يول بېرىۋېتىپ، كۆزى ئىختىيارسىزلا ئۆزگەگە قادىلىپ قالدى ــ يۇ، ئالالاھنىڭ: «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن» دېگەن ئەمرىنى يادىغا ئېلىپ، دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

لېكىن ئەشۇ بىر قاراش بىلەنلا ئۆزگەنىڭ يارىشىملىق ھىجابى ئىچىدىكى گۈزەل رۇخسارىنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەس ئىدى.

ئۆزگە مومىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. يۇنۇس مومىسىنى ئۆمەر فارۇققا تونۇشتۇردى، موماي نەۋرىسىگە نەسىھەت قىلدى. مەريەم خانىمنىڭ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆمەر كەتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، موماي:

ــ ئوغلۇم! سەنمۇ مېنىڭ بالامنىڭ ئورنىدا. ئالدىراش بولمىساڭ، سىرتتا بىرئاز ساقلاپ تۇرالارسەنمۇ؟ مەن ياشىنىپ قالدىم، سېنىڭ ياردىمىڭغا ئېھتىياجىم بار، ـ دېدى.

ــ ئەلۋەتتە ساقلايمەن موما. ـ دېدى ئۆمەر ۋە چىقىپ كەتتى.

يۇنۇس دادىسىنىڭ ئۆزىدىن رەنجىپ كەلمىگىنىنى ئاڭلاپ، تولىمۇ ئازابلاندى.

ئــۇلار خوشلىشــىپ چىققىنىــدا، ئــۆمەر تۇرمىنىــڭ ســىرتىدا ساقلاۋاتاتتى. ئۇچى يېقىنلا يەردىكى باغچىغا كىردى، ئۆزگە مومىسىنى بىر ئورۇندىقا جايلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى سەل نېرىدىكى ئورۇنــدۇققا بېرىــپ ئولتــۇردى ۋە سومكىســىدىن كىتــابىنى چىقىرىــپ، ئوقۇشــقا باشلىدى. جەملە موماي ئۆمەرگە:

ــ يۇنۇس سەن بىــلەن دوستلىشــىپ يۈرگەن چاغلىرىــدا خېلىلا ئۆگىشلىپ قالغانىدى. ئــۇنى تاشــلىۋەتمەي، يــاردەم قىلىــپ تــۇرغىن، ـ دېگەنــدىن كېــيىن، ئۆمەرنىــڭ ئەھــۋالىنى ســورىدى. ئايرىلىــدىغان ۋاقىتتا:

ــ ئوغلۇم! كېلەر قېتىمقى كۆرۈشۈش كۈنىدە مېنى بىلــلە ئېلىــپ كەلگىن، بولامدۇ؟ ـ دەپ ئۆتۈندى.

ئۆمەر بۇ مېھرى ئىللىق مومايىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغانىدى:

ــ ئەلۋەتتە بولىدۇ، موما. چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

قاقۋاش مومايىنىڭ مەقستى كېيىنچە ئاشكارا بولدى. ئەسلىدە ئــۇ ئۆمەر فارۇقنى ئوبدان كۆزىتىپ، نەۋرىسى ئۆزگەگە چېتىپ قويمــاقچى بولغانىدى. ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ، ئاخىرىــدا ئــۆمەر بىــلەن ئۆزگە توي قىلدى.

تۇي ئارىپ ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلدى. تۈركان خانىم يەنە «خەلقى ئالەم»دىن قورقۇپ، بۇ دىنىي تۇيغا قاتنىششىنى رەت قىلدى.

ئۆمەرنىڭ نىكاھ ئىشلىرىنى مۇمىن ئاكىسى ۋە ئەقائىد، فىقھى ئۇستازلىرى ئاتا بولۇپ بېجىردى.

تۇيدىن كېيىن، ئۆزگە بىلەن ئۆمەر جەملە مومىنى قايىل قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇ بەختلىك بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئورتاق نىيىتى قۇرئان، سۈننەتكە ئەمەل قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىدى.

ئۆزگە ۋە ئۆمەر بىر - بىرىنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى يالغان سەۋدا ئەمەس، بەلكى مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ھەقىقىي مۇھەببەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلاتتى.